بسم الله الرحمن الرحيم

HAKSEVER

# تەسىرلىك ھېكايىلەر

**2**

نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى

**Haksever İslam Araştırma Merkezi**

**ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى**

| Redaksiyon | تەھرىر |
|---|---|
| **Habibullah KURBANİ** | **ھېبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Çevreyen | تەرجىمە قىلغۇچى |
| **Muhammed BİŞARET** | **مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت** |
| Kapak & Sayfa Tasarim | بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى |
| **Ziya KAŞGARİ** | **زىيا قەشقەرى** |
| Yayinci | نەشر قىلغۇچى ئورۇن |
| **Haksever İslam Araştırma Merkezi** | **ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى** |

**ISBN:** 978-625-00-0277-3

yayın adresi:

Maltepe mah. Davutpaşa cad. Güven iş merkezi c blok no:83/3 iç kapi no:264 zeytinburnu / istanbul

2023-يىلى 1-ئاي

مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە. ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئالاقىلىشىش ئادرېسى: Haksever090@gmail.com

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# تەسىرلىك ھېكايىلەر

## 2 ـ قىسىم

تەرجىمە قىلغۇچى

**مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت**

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى 2018 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇسەمەت مەخسۇمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز .......... 1

يېتىملارنىڭ كاپالىتى، جەننەتنىڭ بېشارىتى .......... 8

ئىسلام ئادالەت دىنىدۇر .......... 13

ئۈچ مۈشۈك .......... 18

ئۇستازلار ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردۇر .......... 22

ئويغاق قەلب .......... 27

ياخشىلىقنىڭ ھۇزۇرى .......... 31

مىلياردېرغا ئايلانغان يىگىت .......... 35

مەرۋايىت مارجان ھېكايىسى .......... 41

كېمە ھېكايىسى .......... 46

كېسەللىرىڭلارنى سەدىقە بىلەن داۋالاڭلار! .......... 50

فېيسبۇك قۇربانى بولغان قىز .......... 54

سىزدە قۇرئان ئەخلاقىنى كۆردۈم .......... 58

تالاشتا قالغان ياخشى ئىش .......... 61

ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار! .......... 66

خاتا چۈشىنىش .......... 72

قاپقانغا چۈشكەن قىز .......... 77

ئەڭ ھەيۋەتلىك مېيىت نامىزى .......... 83

چاچ تارىغۇچى ئايال ........................................ 87
پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويسۇن! ................ 92
ئەسىر مۆجىزىسى يۈسۈف ئىستىس ................................ 97

«تەسىرلىك ھېكايىلەر» ناملىق بۇ يۇرۇشلۇك ئەسەر «قرآني جناتي» (قۇرئانىم جەننىتىم) ناملىق ئەرەبچە كارتون فىلىملەر قانىلىدىكى تەربىيەۋى خاراكتېرگە ئىگە، رېئال ۋە تەسىرلىك ھېكايىلەرنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت تەرىپىدىن باللارنىڭ تىلى ۋە تەپەككۇرىغا يېقىنلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە 2019 ـ ۋە 2020 ـ يىللىرى نۇر ئېكرانى (NUR TV) تەرىپىدىن ئاۋاز بېرىلىپ تارقىتىلغان، جەمئىي بەش قىسىم بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر كارتون رەسىملەر قىستۇرۇلغان ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان يۇرۇشلۇك كىتاب قىلىنىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى.

# كىرىش سۆز

ھېكايە ــ مەلۇم بىر زامان ۋە ماكاندا، بىر ياكى بىرقانچە كىشىنىڭ ئەمەلىي ياكى توقۇلما ۋەقەلىكنى بايان قىلغان بىر ياكى بىرقانچە بەتلىك قىسقا يازمىلاردىن ئىبارەت.

ھېكايە ــ بالىلار تەربىيەسىدىكى ئەڭ قەدىمىي ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ تۇرمۇش ۋە مائارىپتا كەڭ قوللىنىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارمۇ پەرزەنت تەربىيەسىدە ھېكايىنىڭ رولىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن مىللەت. شۇڭلاشقا، كىچىكىمىزدە ئاتا ـ ئانىلىرىمىز، بوۋا ـ مومىلىرىمىز ئاخشاملىرى قىزىقارلىق، تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇخلاش ئالدىدا بېشىمىزنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەر بىزنى ۋەقەلىكنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ، شېرىن خىياللار قايىنىمىغا تاشلايتتى. بىز ئەنە شۇنداق تۇيغۇ ئىچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كېتەتتۇق.

ئەمەلىيەتتە، مەزمۇنى ساغلام، تەسىرلىك، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھېكايىلەر:

- بالىلارنىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ؛ سۆزلۈك ئامبىرىنى بېيىتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ راۋان جۈملە قۇرۇش ئىقتىدارى يېتىلىدۇ. ھېكايىنىڭ بالىلارنىڭ تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن كۆپ پايدىسى بار.

- بالىلارنىڭ چۈشىنىش ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؛ باشقىلار بىلەن نورمال ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.
- بالىلاردا ئىجادچانلىق روھى يېتىلدۈرىدۇ.
- بالىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىدۇ ۋە نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.
- بالىلارنىڭ ئىجادىي ۋە تەنقىدىي تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. بالىلار بۇ ئارقىلىق سوئال سوراش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئويلاپ چىقالايدۇ.
- بالىلىرىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپ ھېكايە ئوقۇش ۋە ئاڭلاش بالىلىرىڭىزنىڭ قىزىقىشى ۋە قابىلىيىتىنى بايقىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ؛ ئۇلار بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك ھەم قويۇق ئالاقە ئورنىتىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ.
- بالىلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.
- بالىلار ھېكايىدىكى ھەرخىل پېرسوناژلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارنى دورايدۇ ۋە ئۆزلىرىگە ئۈلگە

قىلىدۇ.

- باللارغا گۈزەل ئەخلاق سىڭدۈرىدۇ، ئەھمىيەتلىك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ.
- باللارغا ئەقىل - پاراسەت بېغىشلايدۇ، جاسارەت ۋە سەممىيلىك ئاتا قىلىدۇ.
- باللارنىڭ ئاتا - ئەجدادلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئەنئەنىلىرى ۋە مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرىدۇ.
- باللارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.
- باللارنى تۈرلۈك مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بولۇپمۇ ئوخشىمىغان خەلق ۋە مەدەنىيەتتىن كەلگەن ھېكايىلەر ئۇلارنى دۇنيانى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.
- باللار قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ھېكايىدىكى ۋەقەلىكلەردىن قولغا كەلتۈرگەن ئەقىل - پاراسەت بىلەن چىقىش يولى تاپالايدۇ، ھېكايە ئۇلارغا ئازاب ۋە خۇشاللىقنىڭ ھاياتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ.

- بالىلارنى بۇگۈنى ۋە كەلگۈسىدە ئېھتىياجلىق بولغان ئېسىل ئىنسانىي قىممەت-قاراشلاربىلەن قوراللاندۇرىدۇ.
- بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئەخلاق - پەزىلەت، قىممەت - قاراش، توغرا بولغان غايە - نىشانلارنى سىڭدۈرىدۇ.

ھېكايە — بالىلار ئۈچۈن پەقەت زوقلىنىپ ئوقۇپ قويىدىغان ياكى ھەۋەس بىلەن ئاڭلاپ قويىدىغان بىر كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىلا ئەمەس، ئەكسىچە ئېچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قەھرىمانلار بىلەن بىرلىكتە ياشايدىغان ھاياتنىڭ بىر پارچىسىدۇر. بالىلار تەبىئىي ھالدا، ياخشى روللاردىكى قەھرىمانلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ؛ ئۆزىنى شۇلارنىڭ ئورنىغا قويىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس كۆزىتىش ئۇسۇلى، ياشاش شەكلى ۋە كىشىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، شۇلارغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىشقا ۋە شۇلارغا ئوخشاش ھېس قىلىشقا تىرىشىدۇ؛ قەھرىمانلارنىڭ دوستلىرى ئۇلارغىمۇ دوستتەك، دۈشمەنلىرى ئۇلارغىمۇ دۈشمەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغىمۇ، قايغۇسىغىمۇ جور بولىدۇ. ھەتتا بالىلار ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئۆزلىرى قارار بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئەسلىدە بۇ دېگەنلىرىمىز پەقەت بالىلاردىلا ئەمەس، چوڭلاردىمۇ كۆرۈلىدىغان ئەھۋالدۇر.

ھېكايە — ئەڭ ئۈنۈملۈك بايان ئۇرلىرىدىن بىرىدۇر. ھېكايە ئېيتىش ئارقىلىق ئەڭ قىيىن ئېمىلارنىمۇ ئاسانلا چۈشەندۈرگىلى، بالىلارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئىزلارنى قالدۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بالىلارنىڭ ھەتتا چوڭلارنىڭ تەبىئىتىگىمۇ چۈشىنىش ۋە ئىدراك

قىلىشتا ئابستراكت، قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلاشتىن بەكرەك، كونكرېت پىكىرلەرنى ئاڭلاش مايىللىقى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھېكايىدە پىكىرلەر كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ، چۈشىنىش ئاسانلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، ھېكايە ئارقىلىق ئۇقۇملار زېھنىمىزدە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئېسىمىزدە ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئوچۇق ھەقىقەتلەر ۋە ئابستراكت چۈشەنچىلەر ھەم ئىتتىك ئۇنتۇلىدۇ، ھەم ئەقلىمىزنى چارچىتىپ، دىققىتىمىزنى چېچىۋېتىدۇ.

ھېكايە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش دىنىي تەربىيەگە نىسبەتەنمۇ كەلگۈسى ئەڭ پارلاق بولغان ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر. بىراق، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلاردىن بىرى، بالىلار ھېكايىلىرى بىزنىڭ مىللىي خاسلىقىمىزغا يات، دىنىمىز ۋە قىممەت - قاراشلىرىمىزغا خىلاپ بولماسلىقى كېرەك.

قولىڭىزدىكى «تەسىرلىك ھېكايىلەر» ناملىق بۇ كىتاب بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان يۈرۈشلۈك ھېكايىلەر توپلىمى بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى روھىيىتى قاغجىراپ، مەنىۋى تەشنالىقى كۈنسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار دەپ قارىلىپ تەييارلاندى. كىتابتىكى ھېكايىلەر رېئال دۇنيادا يۈز بەرگەن، ساپلىق ۋە چىنلىققا ئىگە ۋەقەلىكلەر بولۇپ، بالىلارنى ساغلام ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن، ئالىيجاناب ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھېكايىلەردە ئىلگىرىكى سالىھ كىشىلەر، مەشھۇر سۇلتانلار، ئۆلىمالار، قازى - قۇزاتلار، ساخاۋەتچى، ئاقكۆڭۈل، ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى

قىزنقارلىق كارتون رەسىملەر بىلەن ماسلاشتۇرۇپ بېرىلگەن بولۇپ، بالىلارنىڭ ھەتتا چوڭلارنىڭمۇ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدۇ، بالىلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرىدۇ.

ئاللاھتىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان بۇ ئاددىي خىزمىتىمىزنى ھەممەيلەنگە مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ۋە ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ ئىمانلىق، گۈزەل ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، ياراملىق يېتىشىپ چىقىشىنى تىلەيمىز. شۇنداقلا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ساغلام تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ ئەسەرنىڭ ھەربىر ئائىلىگە كىرىشى ھەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

**مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت**

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# يېتىملارنىڭ كاپالىتى، جەننەتنىڭ بېشارىتى

كۈۋەيتلىك مەشھۇر دەۋەتچىلەردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ:

بىر كېچىسى ئۇخلاۋېتىپ چۈشۈمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپتىمەن. ئۇ ماڭا:

پالانىنىڭ ئوغلى پالانىغا يەتكۈزۈپ قويغىنكى، ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر، ــ دېگۈدەك.

ئويغانغىنىمدا ئەسلەپ باقسام، ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئېسىمدە قاپتۇ. لېكىن، سەل تېڭىرقاپ قالدىم، چۈنكى ئۇ ئادەمنى تونۇمايتتىم.



ــ تونۇمايدىغان ئادەمنى قانداق تاپارمەن؟ ــ دەيتتىم كۆڭلۈمدە.

بىر تەرەپتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرەلمەي قالارمەنمۇ؟ دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىچىمدە قانداقتۇر بىر خۇشال ھېس بار ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرۈش ئەمەلىيەتتە كۆرگەنگە باراۋەر ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، شۇڭا ئۇنىڭ ئەمرىنى چوقۇم بەجا كەلتۈرۈشۈم كېرەك ئىدى.

ئىككىنچى كېچىسى يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم. ئۇ مېنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئالدىنقى چۈشۈمدە ئېيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ ئادەمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەپ بەرگەن ئىسىم - فامىلە بويىچە ئىزدەشكە باشلىدىم. ھەتتا نوپۇس ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان بەزى تونۇش - بىلىشلىرىمدىنمۇ سۈرۈشتە قىلىپ باقتىم. ئەپسۇسكى، شۇنچىۋالا تىرىشقان بولسامۇ، ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى.




شۇ تەرىقىدە بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپتىن - كۆپ دۇرۇت ئوقۇدۇم. ئاللاھتىن مېنى بۇ ئادەم بىلەن ئۇچراشتۇرۇشىنى تىلىدىم.

كۈنلەر يەنە شۇنداق ئۆتۈۋەردى...

نىھايەت، بىر كېچىسى چۈشۈمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈچىنچى قېتىم كۆردۈم. ئۇ چۈشۈمدە:

- پالانىنىڭ ئوغلى پالانىغا «جەننەت ئەھلى» ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويغىن، ئۇ پالانى شەھەردە ئولتۇرىدۇ، - دېدى ۋە ئادرېسىنى تەپسىلىي دەپ بەردى.

مەن ئويغىنىپلا بۇ مۇبارەك ئادەمنى ئىزدەش ئۈچۈن سەپەر

HAKSEVER ھەقسۆيەر

تەييارلىقنى باشلىۋەتتىم...

ئادرېس بويىچە ئۇنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ، قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئۆيىنى تېپىپ ئىشىكنى چەكتىم. ئىشىكنى ئادەتتىكى بىر ئادەم ئاچتى. مەن ئۇنىڭدىن چۈشۈمگە ئاساسەن ئىسىم ـ فامىلىسىنى سورىدىم.



ئۇ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ:

ـ سىز ئىزدىگەن كىشى مەن بولىمەن، قېنى مەرھەمەت! ـ دەپ ئۆيىگە باشلىدى.

مەن ئۇنىڭغا كۆرگەن چۈشلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم، ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ:

ـ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ياخشى ئىشنى قويماي قىلىمەن، داۋاملىق ئاللاھنىڭ تائەتتە بولىمەن، ـ دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشارىتىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەن ئىدى. ئاندىن مەن:

ـ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، ماڭا سىزنى جەننەت ئەھلىدىن بولۇشقا لايىق قىلغان ئەمەلىڭىزنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز! ـ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدىم.

ئۇ بىرھازا سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن تەرەددۇت بىلەن

گەپ باشلىدى:

ـ بوپتۇ، دەپ بەرسەم بېرەي. ئەمما بىر شەرتىم بار. ئىسمىمنى ھېچكىمگە دېمەيسىز، چۈنكى بۇ ئىش مەن بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى سىر، ـ دېدى. ئۇنىڭ شەرتىگە قوشۇلدۇم. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى:



مېنىڭ بالىلىقلىق بىر قوشنام بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتتى. مەن مائاشلىق بىر خىزمەتچى بولساممۇ، ئالغان مائاشىم ئائىلەمنىڭ تۇرمۇشىغا ئاران يېتەتتى. شۇنداقتىمۇ قوشنامنىڭ ئايال

ـ بالىلىرىنىڭ قىينىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ھەر ئايلىق مائاشىمنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئاياليمغىمۇ بىلدۈرمەيلا يېرىمىنى ئائىلەمگە، يېرىمىنى قوشنامنىڭ ئايال ـ بالىلىرىغا خىراجەت قىلدىم. بۇ پۇلنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئۇلارمۇ بىلمەيتتى. بۇ ھېچكىم بىلمەيدىغان سىر ئىدى. بەلكىم مۇشۇ ئەمىلىم ئاللاھقا يارىغان بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سەممىيلىك چىقىپلا تۇراتتى. شۇندىلا مەن ئۇنىڭ «جەننەت ئەھلى» دەپ بېشارەت بېرىلىشىنىڭ سىرىنى بىلدىم. ئەسلىدە ئۇ يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاپ، بۇ ئىشنى ناھايىتى ئىخلاسمەنلىك بىلەن قىلغان ئىكەن. ئۆزى جاپا

تارتىسىمۇ، مائاشىنىڭ يېرىمىنى مەخپىي سەدىقە قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىشىگە مۇۋەپپەق بوپتۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر). پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە خەير - ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا قىيامەت كۈنى قورقۇنچ ۋە غەم قايغۇ بولمايدۇ﴾[1].

1) بەقەرە سۈرىسى، 261ـ262 ـ ئايەت.

# ئىسلام ئادالەت دىنىدۇر

ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە قۇتەيبە ئىبنى باھىلىي زېمىندا ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىش يولىدا نۇرغۇنلىغان



دۆلەت ۋە شەھەرلەرنى پەتھى قىلغان كىشى ئىدى. ئاللاھ بۇ زاتنىڭ قولىدا سەمەرقەنتنىمۇ پەتھى قىلدى.

لېكىن، قۇتەيبە قائىدە بويىچە سەمەرقەنت شەھەر ئاھالىسىنى ئاۋۋال ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا، ئىسلامنى قوبۇل قىلمىسا، جىزيە بېرىشكە چاقىرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ باش تارتسا، ئۈچ كۈن مۆھلەت بەرگەندىن كېيىن ھۇجۇم قىلماي، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپلا پەتھى قىلىۋەتتى.



سەمەرقەنت ئاھالىسى بۇ ئىشنىڭ ئىسلامغا مۇخالىپ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە مەكتۇپ يېزىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. خەلىپە مەكتۇپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەكتۇپنىڭ ئۇستىگە:

«ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلەزىزدىن سەمەرقەنت ۋالىيسىغا:
پۇقرالارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بىر قازى تەيىنلە!» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى يېزىپلا قايتۇرۇۋەتتى.

سەمەرقەنت ئاھالىسى مەكتۇپنىڭ ئۈستىدىكى خەتلەرنى كۆرۈپ، ۋالىينىڭ يېنىغا ئاپاردى.



خەلىپىنىڭ پەرمانى بويىچە سەمەرقەنت ۋالىيسى ئۇلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلدىغانغا بىر قازى تەيىنلىدى. قازى مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى قۇتەيبەنى شىكايەتچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان چوڭ كاھىننىڭ ئالدىدىلا سوراققا تارتتى.

- نېمە دەۋايىڭىز بار؟ - دېدى قازى كاھىنغا قاراپ.

- قوماندان قۇتەيبە قوشۇنلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كىردى، بىزنى ئىسلامغا چاقىرمىدى ياكى مەسلىھەت قىلىشىلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈن مۆھلەتمۇ بەرمەيلا ھۇجۇم قىلدى، - دېدى كاھىن جاۋابەن. قازى قۇتەيبەگە قاراپ:

- سىزنىڭ دەيدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟ - دېدى.

- «جەڭنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دەيدىغان گەپ بار، جانابلىرى! بۇ بەك چوڭ شەھەر ئىكەن. ئىلگىرىلەش يولىمىزدا توسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋالدى، ئەتراپتىكى باشقا شەھەرلەرمۇ

مۇشۇ شەھەر ئاھالىسىگە قاراپ يا ئىسلامنى قوبۇل قىلمىدى، يا جىزيە تۆلىگىلى ئۇنىمىدى. ئۇلارغا ئۈچ كۈن مۆھلەت بەرگەن بولساق، ئۇلار بىزنى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىۋەتكەن بولاتتى، - دېدى قۇتەيبە تەمكىنلىك بىلەن.



- ھەي قۇتەيبە!

- دېدى قازى قاتتىق غەزەپلىنىپ، - ئۇلارنى ئاۋۋال ئىسلامغا چاقىرىپ، ئۇنىمىسا جىزيەگە بۇيرۇپ، بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسا ئاندىن ھۇجۇم قىلمىدىڭمۇ؟

- ياق، دېگىنىمدەك تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدۇق.

- دېمەك، گۇناھىڭنى ئىقرار قىلدىڭ. جاۋابكار ئىقرار قىلسا، سوت يېپىلىدۇ. ھەي قۇتەيبە! بىلىپ قوي، ئاللاھنىڭ دىنى پەقەت ئادالەت ۋە راستچىللىق بىلەنلا غەلىبە قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدىكى ھۆكمىم شۇكى: پۈتۈن مۇسۇلمانلار سەمەرقەنت زېمىنىدىن چىقىپ كەتسۇن! كىچىك باللاردىن باشلاپ قوماندانغىچە ھېچكىم قالمىسۇن! شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى سەمەرقەنت ئاھالىسىگە بېرىلسۇن! مۇسۇلمانلار تاكى كىرىشكە رۇخسەت بېرىلگەنگە قەدەر شەھەر سىرتىدا ساقلىسۇن!

قازىنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلىغان كاھىنلار كۆز - قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەيلا قالدى. دەلىل - ئىسپات، گۇۋاھچى تەلەپ قىلماي،

بىرقانچە مىنۇت ئىچىدىلا چىقىرىلغان بۇ ھۆكۈم ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي سەمەرقەنت ئاھالىسى شەھەر ئىچىدە كۆككە تاقاشقان چاڭ - توزانلارنى كۆردى، ھەيۋەتلىك ئاۋازلارنى ئاڭلىدى. چاڭ - توزانلار ئىچىدە لەپىلدەشكەن بايراقلارنى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن:



- بۇ نېمە ئىش؟

- دەپ سوراشتى.

- قازىنىڭ ھۆكمى ئىجرا بوپتۇ، مۇسۇلمانلار قوشۇنى شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك، - دېيىشتى.

كىشىلەر بۇ ئەھۋالدىن تەسىرلىنىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى. شۇ كۈنى كەچ كىرەر - كىرمەيلا شەھەر كوچىلىرى چۆلدەرەپ، كوچىلاردا ئىت - مۈشۈكلەرلا كېزىپ يۈرەتتى. بۇنداق مەرھەمەتلىك، ئادىل بىر قوشۇننىڭ ئۆزلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكىدىن ھەر ئۆيدە يىغا ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

شەھەر ئاھالىسى مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا پايلىماي، كاھىنلارنىڭ باشچىلىقىدا چوڭ - كىچىك ھەممىيلەن توپ - توپ بولۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكىرىي بازىسىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار يول بويى يۇقىرى ئاۋازدا: «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر» دەپ شاھادەت

ئېيتىپ ماڭدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى! ئاللاھ ھەقىقەتەن سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئاراڭلاردىن چىققان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، بىرەر ئىشتا تالىشىپ قالساڭلار، بۇ ھەقتە ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار. ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەنمۇ گۈزەلدۇر﴾[2].

2) نىسائ سۈرىسى، 58 ـ ئايەت.

# ئۈچ مۈشۈك

جامائەت نامىزىدىن قالمايدىغان ناھايىتى ياخشى بىر كىشى بار ئىدى. كۈندۈزلىرى خىزمەتكە باراتتى. ئىشتىن قايتقىنىدا ناماز دىگەرنى ئۆيىنىڭ يېنىدىكى مەسچىتتە ئوقۇۋالغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرەتتى. ئايالى ئۇنى ئىللىققىنە قارشى ئالاتتى. ئايالىمۇ يولدىشىغا ئوخشاش ياخشىلىقسۆيەر ئايال بولۇپ، تولىمۇ مېھرىبان ئىدى، ئائىلىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلاتتى.



كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ كىچىك ئوغلى ئېغىر بىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى. ئىككىيلەن بالىسىنى شۇنچە كۆپ داۋالاتقان بولسىمۇ، بالىنىڭ ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش بولمىدى. ئۇلار بالىنى ئۇستا بىر دوختۇرنىڭ قېشىغىمۇ ئاپاردى. بۇ دوختۇر بۇرۇنقى دوختۇرلارغا قارىغاندا كۆپ بىلىملىك ھەم تەجرىبىلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ بالىنىڭ ئەھۋالىدا ئانچە ئىلگىرىلەش بولمىدى.

بىر كېچىسى ئانا بالىسىدىن ئەنسىرەپ ئۇخلىيالمىدى. بالىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن بولۇپ، نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئىختىيارسىز ئۇياق - بۇياققا تولغىناتتى. ئانا پۈتۈن كېچە كىرپىك قاقماي، بالىغا قاراپ چىقتى.

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

بالىنىڭ دادىسى مۇنداق دەيدۇ:

شۇ كېچىسى مەن بامدات نامىزىغا ئويغۇنۇشقا ئەزاننى ئاڭلاپ ئويغىنىپ، بالامنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇنىڭ ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى. ئانىسى بالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئىكەن. مەن تاھارەت ئېلىپ، نامازغا ماڭاي دەپ سىرتقا چىققىنىمدا ئىشىك ئالدىدا ئۈچ دانە مۈشۈك تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان ئىكەن. ئۆيگە يېنىپ كىرىپ، توڭلاتقۇدىن بىر پارچە گۆش ئاچىقىپ تاشلاپ بېرىپ، مەسچىتكە چىقىپ كەتتىم. ئاندىن مۈشۈ ياخشىلىقنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن بالامنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بېرىشىنى تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلدىم. ئاللاھ قىلچە ياخشىلىقنىمۇ زايە قىلمايتتى. مۈشۈكلەرگە قىلغان ياخشىلىقىمغىمۇ مۇكاپات يۈزىسىدىن بالامغا شىپالىق بېرىشى مۇمكىن ئىدى.



مەسچىتتە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئايالىم پۈتۈن كېچە ئۇخلىيالماي، چارچاپ كەتكەنلىكتىن تېخىچە ئويغانمىغان ئىدى. بالام كۆزىنى ئېچىپ ياتاتتى، قىزىتمىسىمۇ چۈشۈپ، چىرايىمۇ خېلىلا ئوڭشىلىپ قالغان ئىدى. قارىماققا سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

خۇشاللىقىمدا دەرھال ئايالىمنى ئويغاتتىم. ئايالىممۇ بالىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن ئاللاھقا كۆپتىن - كۆپ ھەمدۇسانا ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئاندىن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇماي تۇرۇپلا، سەۋرسىزلىك بىلەن چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بەردى:



چۈشۈمدە قورقۇنچلۇق بىر قۇش كۆردۈم. قۇش ئوغلىمىزنى چوقۇپ، قاماللاپ ئېلىپ ماڭماقچى بولۇۋاتاتتى. تۇساتتىن ئۈچ دانە مۈشۈك پەيدا بولۇپ، ئوغلىمىزنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىدى. قۇش ئامالسىزلىقتىن ئوغلۇمنى تاشلاپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئايالىمنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم - دە، ئايالىمغا:



- ئەمدى مەن سىزگە بامدات نامىزىغا چىقىش ئالدىدىكى بىر ئىشنى دەپ بېرەي:

تاھارەت ئېلىپ، نامازغا چىقاي دەپ ئىشىك ئالدىغا چىقسام، ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان ئۈچ دانە مۈشۈك تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ، توڭلاتقۇدىن بىر پارچە گۆش ئاچىقىپ بەرگەن ئىدىم. مۈشۈكلەرگە قىلغان

مېھىر ـ شەپقەت سەۋەبىدىن ئاللاھ ئوغلىمىزغا شەپقەت قىلىپ شىپالىق بېرىپتۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر! بۇ كۇپپارلارغا) ئېيتقىنكى، قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى (يەنى بالايى ـ ئاپەتلىرى) دىن سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (بۇ قاراڭغۇلۇقلارنى كۆرگەن چېغىڭلاردا) ئەگەر ئاللاھ بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزسا، چوقۇم شۈكرى قىلغۇچىلاردىن بولىمىز دەپ ئاللاھقا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىلتىجا قىلىسىلەر. ئېيتقىنكى، (يالغۇز) ئاللاھلا سىلەرنى ئۇلاردىن ۋە باشقا بارلىق غەمدىن قۇتقۇزىدۇ، ئاندىن سىلەر (بۇنى) تونۇغىنىڭلاردىن كېيىن ئىمان ئېيتماي، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىسىلەر﴾[3].

ئۇلۇغ ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى مەمنۇنىيەت بىلەن سەدىقە بەرسەڭلار)، ئاللاھ سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابىنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ. سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى بەندىلىرىنى ئازابلاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾[4].

3) ئەنئام سۈرىسى، 63 ـ ئايەت.

4) تەغابۇن سۈرىسى، 17 ـ ئايەت.

# ئۇستازلار ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردۇر

يۈرەك كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى، لوندون خان جەمەتى دوختۇرخانىسى يۈرەك كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى دوكتور زىيا كامالىددىن 15 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان مۇساپىرچىلىقتىن كېيىن ئۆزىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان مۇراسىمغا قاتنىشىش مەقسىتىدە ئىراققا قايتىپ كەلدى. ئۇ مۇراسىم زالىغا يېقىنلاشقاندا، پەلەمپەيدىلا گېزىتلىرىنى يېيىپ



ئولتۇرغان گېزىتچى بوۋاينىڭ غېرىبانە قىياپىتى دوكتورنىڭ دىققىتىنى تارتتى. دوكتور بوۋايغا يېقىنراق كېلىپ چۆچۈپ كەتتى ۋە كۆزىنى يۇمۇپ خىيال قىلىشقا باشلىدى:

ماڭا بىلىم ئۆگەتكەن، مېنى تەربىيىلىگەن، ۋۇجۇدۇمغا ئۆتكۈر ئىرادە، ئىلغار قىممەت قاراش ۋە غەلىبە روھى سىڭدۈرگەن مۇئەللىمىم نېمە بولۇپ بۇ ھالغا كېلىپ قالغاندۇ؟

دوكتور كۆزىنى قايتا ئېچىپ، بوۋاينىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى. بوۋاي تولىمۇ ئورۇقلاپ كەتكەن بولۇپ، جۇغى كىچىككىنە قالغان ئىدى. شۇنچىۋالا ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، گېزىت

سېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا مۇراسىم باشلىناي دەپ قالغان ئىدى. دوكتور كېچىكىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ زالغا كىرىپ كەتمەكچى بولدى - يۇ، گويا مىخلىنىپ قالغاندەك پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمەيۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ، بىر نېمىلەرنى قىلىپ زالغا كىرىپ كەتتى.



دوكتور ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، ئەمما كوچىدا گېزىت سېتىۋاتقان ئۇستازى ھېلىمۇ خىيالىدىن كەتمەيۋاتاتتى.

ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى...

دوكتورنىڭ بويىنىغا مېدال ئېسىلىش ۋاقتى كېلىپ ئىسمى چاقىرىلدى. ئۇ شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ سەھنىگە چىقماستىن، ئۇدۇل سىرتقا قاراپ ماڭدى. كۆپچىلىك نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشتى. دوكتور گېزىتچى بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ قولىنى تۇتتى. بوۋاي بازار باشقۇرۇش خادىملىرى كەلدى دەپ ئويلاپ قالغان چېغى:



- بالام! بىر قېتىم كەچۈرۈۋەتسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردە ئولتۇرۇۋالماي، - دېدى يالۋۇرغان ئاھاڭدا.

- توغرا، بۇنىڭدىن كېيىن سىز ھەرگىز بۇ يەردە

ئۆلتۈرمايسىز. قېنى، مەن بىلەن مېڭىڭ! ــ دېدى دوكتور ئىللىقلىق بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ.

دوكتور بوۋاينىڭ قولىنى تۇتۇپ زالغا ئېلىپ ماڭدى. بۇ چاغدا بوۋاي دوكتورنىڭ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خاتىرجەم بولدى ۋە ماڭغاچ ئۈنىگدىن:



ــ ئوغلۇم، سىزگە نېمە بولدى؟ ــ دەپ سورىدى.

دوكتور لام ــ جىم دېمەيلا، بوۋاينى زالغا يېتىلەپ كىرىپ، قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. زالدىكى ھەممەيلەن نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى. بۇ چاغدا دوكتورنىڭ كۆزىدىن ياشلار تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ بوۋاينى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

ــ ئۇستازىم خېلىل! مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ ــ دېدى.

ــ ياق، ئوغلۇم! تونۇيالمىدىم، ــ دېدى بوۋاي ھەيرانلىق بىلەن. دوكتور كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

ــ مەن سىزنىڭ مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىڭىز زىيا كامالىددىن بولىمەن. سىزنىڭ ياردىمىڭىزدە سىنىپتا دائىم بىرىنچى بولاتتىم. سىز ماڭا داۋاملىق ئىلھام بېرەتتىڭىز، كۆپ غەمخورلۇق قىلاتتىڭىز. بۇ 1966 ــ يىلىدىكى ئىشلار ئىدى.

ئۇستاز خېلىل دوكتور زىياغا قاراپ ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى. دوكتور ئۆزىگە بېرىلگەن مېداليوننى ئېلىپ، ئۇستازىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويغاندىن كېيىن ئۇنلۇك ئاۋازدا مۇنداق دېدى:




ـ ھۆرمەتلىك جانابلار! بۇ مېنىڭ ئۇستازىم بولىدۇ. ناۋادا ئۇ بولمىغان بولسا، مەن بۈگۈنكى كۈنگە كېلەلمەيتتىم. ئۇستازلار بۇ دۇنيادا ھۆرمەتكە ئەڭ لايىق كىشىلەردۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇستازلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، ھۆرمەتسىزلىك قىلىش، ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى لايىقىدا قوغدىماسلىق تۈپەيلى ئارقىدا قالدۇق، خارۇزار بولدۇق. بۇ كىشى مېنىڭ ئۇستازىم، باغداد مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئۇستاز خېلىل بولىدۇ...

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم ياخشىمۇ؟ ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ. ئېيتقىنكى، ئى (ئاللاھنىڭ) مۆمىن بەندىلىرى! پەرۋەردىگارىڭلارغا تەقۋادارلىق

قىلىڭلار، بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغانلار (ئاخىرەتتە) ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ. ئاللاھنىڭ يېرى كەڭدۇر، (كۇپپارلار ئارىسىدىن شۇ يەرلەرگە ھىجرەت قىلىڭلار). شەكسىزكى، سەۋر قىلغۇچىلارغا ھېسابسىز ئەجىر بېرىلىدۇ﴾[5].

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

5) زۇمەر سۈرىسى، 7ـ9 ـ ئايەتلەر.

# ئويغاق قەلب

دوكتور مۇزەپپەر قاسىم مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى كەچقۇرۇن بىرقانچەيلەن كەچلىك تاماق يېيىش ئۈچۈن لوندوندىكى بىر ئەرەب ئاشخانىسىغا كىردۇق. مۇلازىمەتچى تاماق تىزىملىكىنى كۆتۈرۈپ كەلگەندە، مېھمانلاردىن بىرقانچە مىنۇت رۇخسەت سوراپ سىرتقا چىقىپ كىردىم. ئارىدا مېھمانلاردىن بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدۇق:



- نەگە باردىڭىز؟

- سورىدى ئۇ.

- ناماز ئوقۇۋالدىم.

- قاچاندىن بېرى ناماز ئوقۇپ كېلىۋاتىسىز؟

- نامازنى يەتتە يېشىمدىلا باشلىغان ئىدىم. توققۇز ياشقا كىرگەندە ئۆلچەملىك ناماز ئوقۇشنى ئۆگەنگەندىن بېرى تاشلىماي ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن، ئاللاھ خالىسا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تا شلىما يمه ن .

- ناۋادا ئۆلگەندىن كېيىن جەننەت - دوزاخ ، جازا - مۇكاپات دەيدىغان ئىشنىڭ يوقلۇقىنى بىلسىڭىز، قانداق قىلىسىز؟ جاپا تارتىپ ئوقۇغان نامازلىرىڭىز، روزىلىرىڭىز، ھەجلىرىڭىز

ھەممىسى بىكارغا كەتمەمدۇ؟ ئۇ چاغدا قانداق قىلارسىز؟

– ھېچقىسى يوق، چۈنكى مەن ئاللاھنى ئىبادەتكە ئەڭ لايىق زات دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن ئىبادەت قىلدىم. چۈنكى، شۇنچىۋالا گۈزەل، بىپايان ۋە ئاجايىباتلارغا تولغان بۇ دۇنيا ھېچقانداق ياراتقۇچىسىز، ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. مانا بۇ مېنىڭ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىشىمنىڭ سەۋەبى. مۇشۇ چۈشەنچە مېنى ئىسلامغا باغلاپ تۇرىدۇ.



ئۇ مېنىڭ سەۋرچانلىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن بەرگەن جاۋابىمنى ئاڭلاپ رەھمەت ئېيتتى. ئارقىدىنلا مەن ئۇنىڭغا:

– بۇنى ئەكسىچە پەرەز قىلىپ باقساق قانداق؟ مەسىلەن، ناۋادا سىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، قۇرئاندا سۆزلەنگەن قىيامەت، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىز دەيلى، ئۇ چاغدا سىز قانداق قىلارسىز؟ – دېدىم.

ئۇ بىرھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن كەسكىن قىلىپ:

– ناۋادا سىزنىڭ پەرىزىڭىز توغرا چىقىپ، جەننەت - دوزاخ راستتىنلا مەۋجۇت بولۇپ قالسا، مەن دوزاخقا كىرىمەن، سىز جەننەتكە كىرىسىز، – دېدى.

بىز تاماقتىن بىكار بولۇپ يەنە ئازراق پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئايرىلدۇق. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، ئۇ مېنى يەنە شۇ ئاشخانىغا تاماققا تەكلىپ قىلىپ تېلېفون قىپتۇ. ئىككىمىز ئۇچراشقاندا ئۇ مۇرەمگە بېشىنى قويۇپ، مېنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى...

ــ نېمىشقا يىغلايسىز؟ ــ دەپ سورىدىم ھەيرانلىق بىلەن.



ــ مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كەلدىم. چۈنكى، مەن سىزنىڭ تۈرتكىڭىزدە 20 يىلدىن بىرى تاشلىۋەتكەن نامازنى قايتىدىن باشلىۋالدىم. ئۆتكەن قېتىمقى سۆزلىرىڭىز ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيدۇ. شۇنىڭدىن بېرى ياخشىراقمۇ ئۇخلىيالمىدىم. قەلبىمدە گويا پارتلاش ئالدىدا تۇرغان يانار تاغ باردەك ھېس قىلىۋاتىمەن. ماڭا ئىشىنىڭ! مەن باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالدىم. ۋۇجۇدۇمغا باشقىچە بىر روھ كىرىپ قالغاندەك، ئۆزۈمنى شۇنچىلىك راھەت ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن ئىسلامغا قايتىشتىن ئىلگىرى بۇنداق گۈزەل تۇيغۇدىن مەھرۇم قالغان ئىكەنمەن، ــ دېدى ئۇ ئىسلامغا كىرگەنلىكىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغان ھالدا.

ــ بەلكىم شۇ چاغدىكى سۆزلەر قەلبىڭىزنى ئويغاتقان بولۇشى

مۇمكىن، ــ دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ.



ــ توغرا، دەل شۇنداق بولدى. سىز غەپلەتكە پاتقان قەلبىمنى قايتىدىن ئويغاتتىڭىز. سىزگە كۆپ رەھمەت قەدىرلىك دوستۇم.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە قولۇمنى چىڭ سىقىپ، ئىسلامغا قايتىۋالغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت) ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەردىن نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھمۇ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار! ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر. ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەتتە) باراۋەر بولمايدۇ. ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلغان بولساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتىڭ. بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز﴾[6].

---

6) ھەشر سۈرىسى، 18ــ21 ـ ئايەتلەر.

# ياخشىلىقنىڭ ھوزۇرى

ئاجىز، نامرات بىر بوۋاي تاكسى توسۇپ، تىترەك ئاۋازدا:



– مېنى ئاۋۇ تاغنىڭ قاپتىلىدىكى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويامسىز، لېكىن سىزگە بەرگۈدەك پۇلۇم يوق، – دېدى. تاكسى شوپۇرى بوۋايغا قاراپ:

– بولدى، پۇلنىڭ گېپىنى قىلماي، ماشىنىغا چىقىڭ! – دەپلا بوۋاينى ئېلىپ ماڭدى. بوۋاي ئۆيگە كەلگەندە بالىلىرى:

– بىزگە نان ئەكەلدىڭىزمۇ، دادا؟ – دەپ چۇرقىرىشىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

– نان ئەكېلەلمىدىم، جېنىم بالىلىرىم! نان ئىزدەپ يۈرۈپ شوپۇرنىڭ ۋاقتىنى ئېلىشتىن خىجىل بولدۇم. شوپۇرغا كىرانىمۇ بېرەلمىدىم، – دېدى بوۋاي خىجالەت بىلەن.



بىچارە بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلىغان شوپۇر يىگىت ياخشىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشنى ئويلىدى – دە،

بازارغا چۈشۈپ، بەش خالتا نان ئېلىپ ئۇلارغا ئەكېلىپ بەردى.



بالىلارنىڭ قورسىقى تازا ئاچقان ئىدى. بالىلار ناننى تويغۇچە يېيىشتى. شوپۇر يىگىت بۇ مەنزىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە لىقىدە ياش ئالدى ۋە ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، ھالال رىزىق ئىزدەپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. شۇنداق كېتىۋاتقاندا بىر چەتئەللىك ساياھەتچى ئۇنى توسۇپ، ئايرودۇرۇمغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شوپۇر يىگىت خېرىدارنى ئايرودۇرۇمغا يەتكۈزۈپ قويغاندا، ئۇ 500 جۇنەيە بېرىشكە تېگىشلىك يەرگە 2000 جۇنەيە بېرىپلا كېتىپ قالدى.

شۇ ئەسنادا يەنە بىر يولۇچى كېلىپ، ئۆزىنى مەلۇم بىر داڭلىق مېھمانخانىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى. مېھمانخانىغا يېتىپ بارغاندا ئۇمۇ ئۇنىڭ قولىغا 100 دوللار پۇلنى تۇتقۇزۇپلا كېتىپ قالدى. شوپۇر يىگىت كىراغا تۇشلۇقنى ئېلىپ، ئاشقان پۇلنى قايتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.



شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاللا بازىرىغا كىرىپ تاتلىق - تۈرۈم، مېۋە - چېۋە، گۆش - ياغ دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ،

ھېلىقى نامرات بوۋايغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بولدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە كەلگەن بۇ ئامەتلەرنى باياتىن ئاشۇ بوۋايغا قىلغان ياخشىلىقى تۈپەيلى ئاللاھتىن كەلگەن دەپ بىلگەن ئىدى.



بىراق، ئۇ تاللا بازىرى ئىچىدە بىر دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. دوستى ئۇنىڭ ئۆزىگە كەلگەن مەلۇم بىر ياخشىلىقنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەتكە قاتنىشىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، شوپۇر يىگىت ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. زىياپەتتە نۇرغۇن ئىسراپچىلىقلارنى كۆردى. دوستىنىڭ ھەشەمەتخورلۇق بىلەن پەخىرلىنىپ، داستىخاننى تۈرلۈك - تۈمەن يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن نۇرغۇن يېمەك - ئىچمەكلەر قول تەگمەيلا، شۇ پېتى ئېشىپ قالدى. شوپۇر يىگىت بۇلارنىمۇ ئېلىپ، ھېلىقى بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەلدى - دە، ئۆزى تاللا بازىرىدىن سېتىۋالغان نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ بوۋايغا تۇتقۇزدى.




بوۋاي خۇشاللىقتىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. يېمەك - ئىچمەكلەرنى كۆرگەن

باللار خۇشال بولۇپ، قۇچقاچ باللىرىدەك چۇرقىرىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا شوپۇر يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياشلار دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ياخشىلىققا ۋەسىلە بولغانلىقىدىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، باياتىنقى سورۇندىكى داستىخان ھەشەمەتچىلىكىدىن تولىمۇ ئازابلانغان ئىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى، ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ قايتۇرىدۇ). ئاللاھ (سىناش ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ) رىزقىنى تار قىلىدۇ، بەزىلەرنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[7]؛ ﴿ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن. كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىرئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم، دېيىشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار، ئاللاھ ھېچكىمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[8].

7) بەقەرە سۈرىسى، 245 ـ ئايەت.

8) مۇنافىقۇن سۈرىسى، 9ـ10 ـ ئايەت.

# مىلياردېرغا ئايلانغان يىگىت

مىسىرلىق مەشھۇر دەۋەتچى شەيخ مۇھەممەد ھەسسان مىلياردېرغا ئايلانغان بىر يىگىتنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:



ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەن ماراكەشلىك بىر يىگىتنى پات - پات ئەسلەپ قالىمەن. ئۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا سەپىرىدە بىر ئايروپىلاندا ئولتۇرۇش جەريانىدا تونۇشۇپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم. ئۇ ئاللاھ ئۈچۈن ياش تۆكىدىغان، نامازلىرىدا ئۇزۇن - ئۇزۇن سەجدە قىلىدىغان، ناھايىتى ئەدەپلىك يىگىت ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ تەسىرلەنگەن ئىدىم.

كېيىن يەنە بىر قېتىملىق ئامېرىكا سەپىرىدە تونۇش - بىلىشلەردىن ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى سوراشتۇرۇشتا قىلدىم. ئۇلار ماڭا ئۇنىڭ مىلياردېر بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ھەيرانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

- ئۇ قانداقسىگە بۇنچە تېز مىلياردېر بولۇپ كەتتى؟ - دەپ سورىدىم مەن قىزىقىپ. ئۇلار ماڭا ئۇنىڭ ھېكايىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى:

ئۇ يىگىت بىر كۈنى خەلقئارالىق سودا بىناسىدا بىرقانچە كىشى بىلەن لىفىتقا چىقىپتۇ. لىفىتتا ئامېرىكىلىق، ئاجايىپ گۈزەل

بىر قىزمۇ بار ئىكەن. يىگىت ناھايىتى تەقۋادار بولغاچقا، قىزغا قەتئىي نەزەر سالماپتۇ.

يەنە بىر قېتىم ئۇ ئىككىسى لىفتتا يالغۇز ئۇچرىشىپ قاپتۇ. قىز شۇنچىۋالا گۈزەل بولۇشىغا قارىماي، يىگىت يەنە قىزدىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ سالماپتۇ. ھالبۇكى، قىز پەۋقۇلئاددە گۈزەل ئىكەنكى، ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەيدىكەن. قىز بۇ يىگىتكە قىزىقىپ قاپتۇ...

– زادى نېمىشقا بۇ يىگىت شۇنچىۋالا ئۇياتچان؟ نېمىشقا ماڭا قاراپمۇ سالمايدۇ؟ – دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ قىز ئىچىدە.

قىز ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:



– سىز نېمىشقا ماڭا قاراپمۇ قويمايسىز؟ ھالبۇكى، ئەتراپتىكى ھەممەيلەن ماڭا مەپتۇن، لېكىن سىزلا ئۆزىڭىزنى مەندىن قاچۇرۇۋاتىسىز؟

– مەن بىر مۇسۇلمان. مېنىڭ دىنىمدا نامەھرەم ئاياللارغا قاراش ھارام قىلىنغان، – دەپتۇ يىگىت قىزغا جاۋابەن.

– سىز قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىسىز؟

– ئىسلام دىنىغا.

– ماڭا قاراشتا نېمىدىن قورقىسىز؟

– ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلۇغ ئاللاھتىن، ئۇنىڭ

HAKSEVER

ئاخىرەتتىكى ئازابىدىن قورقىمەن.

– سىلەرنىڭ دىنىڭلار نېمىگە بۇيرۇيدۇ؟

– ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىل بولۇشقا، (جىمى مەخلۇقاتقا) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؛ قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ ئاللاھ سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ﴾[9] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى يىگىت قىزغا.

– بۇ قانداق سۆزلەر؟

– بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلىپ نازىل قىلغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرى.



بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قىزنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. يىگىتنىڭ قىسقا، ئەمما گۈزەل ھەم مول مەزمۇنغا ئىگە سۆزلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە ساپتۇ.

سۆھبەت دەل شۇ يەرگە كەلگەندە، لىفت يىگىت چىقماقچى بولغان قەۋەتكە كېلىپ توختاپتۇ. يىگىت خوشلىشىپ ماڭماقچى بولغاندا، قىزغىن سۆھبەتكە پايلىمىغان قىز يىگىت بىلەن بىللە لىفتتىن چۈشۈپ قاپتۇ.

9) نەھل سۈرىسى، 90 - ئايەت.

– سىزنى ماڭا قاراشتىن چەكلىگەن بۇ ئۇلۇغ دىن توغرىسىدا ماڭا سۆزلەپ بېرەمسىز؟ – دەپتۇ قىز يىگىتكە ئەگىشىپ.

شۇنىڭ بىلەن يىگىت ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنى ناھايىتى ياخشى، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويۇپتۇ. لېكىن، بۇ جەرياندىمۇ يىگىت ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماپتۇ.



– مەن ناھايىتى باي بىر قىز. ماڭا دادامدىن غايەت زور بايلىق مىراس قالغان. نۇرغۇنلىغان شىركەت ۋە مال – دۇنيالىرىم بار. قول ئاستىمدا نەچچە مىڭلىغان خىزمەتچى ئىشلەيدۇ. مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسىز؟ – دەپتۇ قىز ئۈمىد بىلەن يىگىتكە قاراپ.

– كەچۈرۈڭ خانىم، بۇ تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن، – دەپتۇ يىگىت كەسكىن تەلەپپۇزدا.

قىز يىگىتنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ناھايىتى باي ھەم ساھىبجامال بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلمىغانلىقىدىن تېخىمۇ ھەيران قېلىپ:

– مەندەك بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلماسلىقىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ – دەپ سوراپتۇ.

– دىنىمىزدا مۇسۇلمان بولمىغان ئاياللار بىلەن توي قىلىش چەكلىنىدۇ، – دەپتۇ يىگىت ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ.

– بولىدۇ، مەن مۇسۇلمان بولىمەن. ماڭا قانداق قىلىشىم كېرەكلىكىنى دەپ بېرىڭ! مەن ئۆزۈمۇ ۋە مال دۇنيالىرىم ئۈچۈن ئىشەنگۈدەك بىرىنى تاپالمىغان ئىدىم. ئاخىر سىزنى تاپتىم، – دەپتۇ قىز دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ.



– ئۇنداقتا، سىز ئاۋۋال غۇسۇل تاھارەت ئېلىپ «نىيۇيورك ئىسلام مەركىزى»گە كېلىڭ، شۇ يەردە «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقي ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىڭ! – دەپتۇ يىگىت ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ.

قىز شۇ كۈنىلا غۇسۇل تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن «نىيۇيورك ئىسلام مەركىزى»گە بېرىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. شۇ ئاخشىمىلا مەسچىتنىڭ تەقۋادار ئىمامى بۇ بىر جۈپ قىز – يىگىتنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپتۇ.



كېيىن قىز بارلىق مال – مۈلۈكلىرىنى يىگىتكە تاپشۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

– مەن سىزگە ئۆزۈمنى ئىشەنچ قىلىپ تاپشۇرغان يەردە، مال – دۇنيالىرىمنى تاپشۇرمىسام قانداق بولىدۇ؟

شۇنداق قىلىپ ماراكەشلىك بۇ يىگىت ھەش ـ پەش دېگۈچە مىلياردېرغا ئايلىنىپتۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، ئۇلار نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن. ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن! شۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[10]؛ ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەر تۈگىمەستۇر. سەۋر قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە ئەمەلدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[11].

10) نۇر سۈرىسى، 30 ـ ئايەت.

11) نەھل سۈرىسى، 96 ـ ئايەت.

# مەرۋايىت مارجان ھېكايىسى

قازى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئابدۇلباقىي مۇنداق دەيدۇ:

مەن ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن ئىدىم، ھەرەمگە يېقىن بىر مەھەللىدە ئولتۇراتتىم. بىر كۈنى قورسىقىم ناھايىتى ئاچ قالدى. يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالمىدىم. ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. يولدا كېتىۋېتىپ بىر يىپەك خالتا تېپىۋالدىم. ئۆيگە ئەكېلىپ قارىسام، ئىچىدە قىممەت باھالىق مەرۋايىت مارجانلار بار ئىكەن.



مەن ئۇنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەپ يولغا چىقتىم. كېتىۋېتىپ توساتتىن بىر بوۋاينىڭ 500 تىللا پۇلنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «كىم مېنىڭ خالتامنى تېپىۋالغان بولسا، قايتۇرۇپ بەرسۇن، ئۇنىڭغا 500 تىللا سۆيۈنچە بېرىمەن» دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بوۋايغا زەن سېلىپ قارىدىم ـ دە:

ـ مەن بىر موھتاج ئادەممەن، قورسىقىممۇ تويغۇزالمايۋاتىمەن. شۇڭا، بۇ خالتىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، 500 تىللانى ئېلىپ دەردىمگە دەرمان قىلمايمەنمۇ؟ ـ دېدىم ئىچىمدە.

شۇ ئوي بىلەن بوۋايغا يېقىن باردىم ـ دە، ئۇنىڭدىن يوقىتىپ قويغان خالتىنىڭ بەلگىلىرى، ئىچىدە نېمە بارلىقى،

خالتىنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكى دېگەندەك بىر قاتار سوئاللارنى سوراش ئارقىلىق، مەن تېپىۋالغان ھېلىقى خالتىنىڭ راستىنلا شۇنىڭ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن خالتىنى تاپشۇرۇپ بەردىم.

بوۋاي خۇشاللىقتىن قولۇمغا 500 تىللانى تۇتقۇزدى. مەن پۇلنى قولۇمغا ئېلىپ بولۇپ، يەنە ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قايتۇرۇپ بەردىم. بوۋايغا بۇنىڭ ئۈچۈن ھەق ئالمايدىغانلىقمنى



ئېيتىپ، ئۇنىڭ شۇنچىۋالا چىڭ تۇرۇۋېلىشلىرىغا قارىماي، پۇلنى قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمىدىم. بوۋاي ئاخىر ھەققىمدە خەيرلىك دۇئالارنى قىلىپ قايتىپ كەتتى.

ھەج پائالىيىتى تۈگەپ، پۈتۈن ھاجىلار يۇرتلىرىغا قايتىشقا باشلىدى. مەنمۇ كېمىگە ئولتۇرۇپ دېڭىز ئارقىلىق قايتماقچى بولدۇم. سەپەر جەريانىدا تۇساتتىن دېڭىزدا بوران چىقىپ، دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، كېمە پاچاقلىنىپ كەتتى. مەن ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن بىر تاختايغا ئېسىلىۋېلىپ ئامان قالدىم. بىرقانچە كۈن

لەيلەپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر ئارالغا بېرىۋالدىم. بۇ ئارالدا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ياشايدىكەن. بىر مەسچىتكە كىرىپ قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇردۇم. ئۇلار مېنىڭ قىرائىتىمنى تىڭشاپ، مەندىن ئۆزلىرىگە قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇشۇمنى ئىلتىماس قىلىشتى. تۇرمۇش ئەھۋالىمدىنمۇ ئوبدان خەۋەر ئالدى.

بىر كۈنى ئۇلار مېنىڭ چىرايلىق خەت يازالايدىغانلىقىمنى بىلىپ، بالىلىرىغا ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇشۇمنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن مەن بالىلارغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىشكە باشلىدىم. ئۇلارمۇ بارا - بارا مېنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھۆرمىتىم كۈندىن - كۈنگە ئاشتى.



شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار مېنى ئۆيلەپ قويماقچى بولۇشۇپ:

- ئارىمىزدا بىر يېتىم قىز بار، ئۆزىمۇ چىرايلىق، مال - دۇنياسىمۇ خېلى كۆپ. سېنى شۇنىڭ بىلەن ئۆيلەپ قويايلى! - دېدى.

مەن بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىدىم، ئەمما ئۇلار بەك چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تويۇمنى قىلىپ، قىزنى ماڭا قوشۇپ قويدى. ئۆيلىنىمىغان يەردىن قىزنىڭ بويىندا مەن مەككىدە

تېپىۋېلىپ، ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن مەرۋايىت مارجاننى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن قېتىپلا قالدىم. ئۇلار مېنى قىزنى ياقتۇرمىدى دەپ ئويلاپ قېلىپ:



– ئەي ئۇستاز! بۇ يېتىم قىزنىڭ قەلبىنى سۇندۇرمىسىلا! ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي، بويىندىكى مارجانغىلا قارايدىلىغۇ؟! – دېيىشتى.

مەن ئۇلارغا مارجان ھېكايىسىنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم، ئۇلار ھاياجاندىن: «ئاللاھۇ ئەكبەر... ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتى. تەكبىر ئاۋازى بۇ كىچىككىنە ئارالنى لەرزىگە سېلىۋەتتى.

– نېمە ئىش بولدى؟ – دېدىم ھەيران قېلىپ. ئۇلار ماڭا بەس - بەستە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

بۇ مارجاننىڭ ئىگىسى بۇۋاي مۇشۇ قىزنىڭ دادىسى ئىدى. بۇ ۋەقەنى ئىلگىرى ئۇ بىزگىمۇ سۆزلەپ بېرىپ:

– مەن بۇ دۇنيادا بۇنچىۋالا قىممەت مارجاننى تېپىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرگەن ھەم 500 تىللا سۆيۈنچىنىمۇ ئالغىلى ئۇنىمىغان ھەقىقىي مۇسۇلمان بىر يىگىتنى كۆردۈم، – دېگەن ئىدى. ئۇ داۋاملىق: «ئى ئاللاھ! مېنى شۇ يىگىت بىلەن جەم قىلغىن! قىزىمنى شۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشقا مۇيەسسەر قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى. بۇۋاي ئۆلۈپ كەتتى. ئەمما، سىلەر جەم بولۇپ

تــوي قىلدىــڭلار.



بــۇ گەپلەرنــى ئاڭلاپ، ئاللاھنىــڭ قۇدرىتىگــە تېخىمۇ ھەيــران بولــۇپ تەشــەككۇر ئېيتتىــم. قىــز بىلــەن تــوي قىلىــپ، ئىككىنچــى بــالام تۇغۇلغانــدىــن كېيىــن ئــۇ ئالەمدىــن ئۆتتــى. مــەن ئۇنىڭدىــن ئايرىلغىنىمغا تولىمۇ قايغــۇردۇم. ئۇنىــڭ قىممەت باھالىق مەرۋايىــت مارجىنــى بىزگــە قالــدى. سىــلەر كۆرۈۋاتقــان بــۇ مــال ـ دۇنيــالار ئاشــۇ مارجاننىــڭ بەرىكىتىدىــن كەلگــەن.

قــازى مۇھەممــەد ئىبنــى ئەبــۇ بەكــرى ئابدۇلباقــي يېنىــدا ئولتۇرغانلارغــا بــۇ تەســرلىك كەچمىشــىنى ســۆزلەپ بېرىــپ ئېغىــر ئۇھســىندى.

ئۇلــۇغ ئالــلاھ مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿ئەــي ئىنســانلار! ســىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكــى نەرســىلەر تۈگەيــدۇ، ئاللاھنىــڭ دەرگاھىدىكــى نەرســىلەر تۈگىمەســتۇر. ســەۋر قىلغۇچىلارغــا ئەلۋەتتــە ئۇلارنىــڭ ئەمەللىرىنىمــۇ ياخشــىراق ساۋاب بېرىمــىز. ئــەر ـ ئايــال مۆمىنلەردىــن كىمكــى ياخشــى ئەمــەل قىلىدىكــەن، بىــز ئۇنــى ئەلۋەتتــە دۇنيــادا (قانائەتچانلىــق، ھــالال رىزىــق ۋە ياخشــى ئەمەللەرگــە مۇۋەپپەــق قىلىــپ) ئوبــدان ياشــىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتــە قىلغان ئەمەللىرىنىمــۇ ياخشــىراق ســاۋاب بېرىمــىز﴾[12].

12) نەھل سۈرىسى، 96 ـ ئايەت.

# كېمە ھېكايىسى

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان، دىنسىز بىر ئادەم خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ تەپ تارتماستىن:



– ھازىرغا قەدەر مېنى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا قانائەتلەندۈرەلەيدىغان بىرى چىقمىدى. بۇ توغرىسىدا ئاراڭلاردىكى ئەڭ چوڭ ئالىمغا رىقابەت ئېلان قىلىمەن ھەم ئۇنى يېڭەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل، – دەپتۇ. خەلىپە:

– ناۋادا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم، كىشىلەر مېنى مۇنازىرىدە يېڭىلىپ قىلىپ، چىدىماي ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دەپ قالىدۇ، – دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ۋەزىرئەزەمنى مەشھۇر ئالىم ئىمامىئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن خەلىپىنى خاتىرجەم قىلىپ:

– قوشنا شەھەردە زۆرۈر بىر ئىشىم بار ئىدى، بېرىپلا قايتىپ كېلىمەن، – دەپ كېلىدىغان ۋاقتىنى ئېنىق بېكىتىپ، رۇخسەت سوراپ يولغا راۋان بوپتۇ. لېكىن، بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقان بولسىمۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە قايتىپ كەلمەپتۇ. شۇنىڭ

بىلەن ھېلىقى دىنسىز ئادەم مەغرۇرلانغان ھالدا:

- جانابلىرى! مەن قايتىپ كەتسەم بولامدۇ؟ سىلى دېگەن ئۇ ئالىم مېنى يېڭەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، قېچىپ كەتكەن گەپ، - دەپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئىمام ئەبۇ ھەنىفە يېتىپ كېلىپ، كېچىكىپ قالغانلىقىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ:

- قايتىپ مېڭىۋاتسام، ئالدىمغا ئۇشتۇمتۇت بىر دەريا پەيدا بولۇپ قالدى. ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ ساقلاپ تۇرسام، مۇنداق



ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەردى: بىردىنلا سۇ يۈزىدە نۇرغۇنلىغان تاختايلار پەيدا بولۇپ، ئۆزئارا بىرىكتى، ئاندىن بولقا بىلەن مىخلار قېقىلدى، ئاخىرىدا پۇختا ياسالغان بىر كېمە پۈتۈپ چىقتى. ئۆزلۈكىدىن بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا قاراپ ھەيران قالدىم. ئاندىن كېمىگە ئولتۇرۇپ يېنىڭىزغا كەلدىم. كېچىكىپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھېلىقى دىنسىز ئادەم مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ، كۆرەڭلىگىنىچە:

- بۇ ئادەم ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. نېرۋىسىدىن كەتكەن ئادەملەرلا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ. تاختاي، مىخ، بولقا دېگەندەك نەرسىلەر قانداقسىگە ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟

قانداق بولۇپ ئۆزلۈكىدىن كىمە ياسىلىپ قالىدۇ؟ دۇنيادا بۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ ـ دەپتۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇپ:

ـ ئەجەبا، كىچىككىنە بىر كىمىنى ئۆزلۈكىدىن ياسىلىپ قالدى دېسەم ئىشەنمەيسەن ـ يۇ، شۇنچە چوڭ ئاسمان ـ زېمىن، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلاردىن ئىبارەت بۇ كاتتا كائىناتنىڭ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشىنەمسەن؟ ـ دەپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دىنسىز ئادەم چۆچۈپ كېتىپ:




ـ راست دەيلا، تەقسىر! بۇنچىۋالا كاتتا كائىناتنى يارىتىپ، ئىنتىزاملاشتۇرغان بىر ئىلاھنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مەن ئەمدى ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىشەندىم، ـ دەپتۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ. ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ ئۇلار ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر. زېمىننى ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇستىدە تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا

(يەنى تاتلىق سۇ بىلەن تۇزلۇق سۇنىڭ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توسۇقلارنى پەيدا قىلغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنە ۋەز - نەسىھەت ئالىسىلەر. قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، رەھمىتىدىن يەنى (يامغۇر ياغدۇرۇشتىن) ئىلگىرى شاماللارنى بېشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر). ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئىنسانىنى دەسلەپتە ياراتقان، ئاندىن ئۇنى قايتا تىرىلدۈرىدىغان كىم؟ سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىۋاتقىنى كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر). ئېيتقىنكى، (ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار!﴾[13].

13) نەمل سۈرىسى، 60ـ64 ـ ئايەتلەر.

# كېسەللىرىڭلارنى سەدىقە بىلەن داۋالاڭلار!



سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىيادقا يېقىن بىر شەھەردە ياشايدىغان، ناھايىتى دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق بىر ئايال بولۇپ، كۆتۈلمىگەندە راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قىزنى خىزمەتكارلىققا قوبۇل قىلدى. خىزمەتكار قىز كەلگەن بىر ھەپتە جەريانىدا غوجايىن ئايال ئۇنىڭ تازىلىق ئۆيگە تولا كىرىپ ـ چىقىدىغانلىقىنى ھەم ئۇزۇن ئولتۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

بىر كۈنى ئايال غوجايىن خىزمەتكار قىزدىن تازىلىق ئۆيدە ئۇزۇن ئولتۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ قالدى. خىزمەتكار قىز ئۈنسىز يىغلاشقا باشلىدى. ئايال غوجايىن نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى سورىغاندا، قىز يەرگە قاراپ مۇنداق جاۋاب بەردى:



ـ بۇ ئۆيگە كەلگەندە مېنىڭ يەڭگىگىنىمگە ئاران 20 كۈن بولغان ئىدى. ھىندونېزىيەدىكى «ئىش تونۇشتۇرۇش مەركىزى» سىزنىڭ بىر ئايال خىزمەتكارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ تېلېفون قىپتىكەن. تۇرمۇش ئېھتىياجىم تۈپەيلى

پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي دەپ بالامنى تۇغۇپ 20 كۈن بولار ـ بولمايلا يېنىڭىزغا كەلگەن ئىدىم. تازىلىق ئۆيىدە ئۇزۇن ئولتۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبى بولسا كۆكسۈمگە سۈت چىڭقىلىپ كەتكەندە ئاغرىپ كېتىدۇ، شۇڭا تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ سىغىۋېتىمەن.

ئايال غوجايىن خىزمەتكار قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇنىڭ ھىندونېزىيەگە قايتىشى ئۈچۈن ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى يىللىق خىراجەتكە يەتكۈدەك پۇل تەييارلاپ، خىزمەتكار قىزنى چاقىرىپ:




ــ بۇ سىزنىڭ ئالدىن بېرىلگەن ئىككى يىللىق مائاشىڭىز بولسۇن! بالىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ئىككى يىل توشقۇچە ئېمىتىڭ، بالىڭىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭ! ئىككى يىلدىن كېيىن يېنىمغا كەلسىڭىز بولىدۇ، ــ دەپ يولغا سالدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر﴾[14].

14) بەقەرە سۈرىسى، 261 ـ ئايەت.

شۇنداق قىلىپ، ئايال غوجايىن ئۇنىڭغا تېلېفون نومۇرىنى بېرىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن مۇشۇ نومۇر ئارقىلىق ئۆزى بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

خىزمەتكار قىز ھىندونېزىيەگە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا غوجايىن ئايال دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىش ئۈچۈن ئالدىن كېلىشىپ قويغىنى بويىچە دوختۇرخانىغا باردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققاندا ھەممەيلەن ھەيران قېلىشتى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى قالمىغان ئىدى. دوختۇرنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي قايتا - قايتا تەكشۈردى. نەتىجە يەنىلا ئوخشاش ئىدى. راك كېسىلىنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. دوختۇر



راك كېسىلى بولغان بۇ ئايالنىڭ ساقىيىپ قالغانلىقىغا ھەيران قېلىپ، كېسەلنىڭ خەتەرلىك ھەم ئۈنۈملۈك داۋاسى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگىمۇ ئىشەنمەي، باشقا ئىلغار تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسىدىمۇ تەكشۈرۈپ باقتى. زادى ئۇنىڭدا راكتىن ئەسەر يوق ئىدى. ئايالنىڭ تامامەن ساقىيىپ كەتكەنلىكى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن دوختۇر ئۇنىڭدىن قانداق دورا ئىشلەتكەنلىكىنى سورىدى. ئايال مۇنداق جاۋاب بەردى:

- پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «كېسەللىرىڭلارنى سەدىقە بىلەن داۋالاڭلار!»[15]؛ «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ خاپىلىقتىن

15) بەيھەقىي، 6667.

قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[16] دېگەن ئىكەن.

يەنە ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير - ساخاۋەتتىكە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا قىيامەت كۈنى قورقۇنچ ۋە غەم قايغۇ بولمايدۇ﴾[17].

---

16) سەھىھ مۇسلىم، 2699.

17) بەقەرە سۈرىسى، 262 - ئايەت.

# فېيسبۇك قۇربانى بولغان قىز

تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ياخشى بىر قىز بار ئىدى. بىر كۈنى فېيسبۇكتا ناتونۇش بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا قىز يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بارا - بارا تەرەققىي قىلىپ، مۇھەببەتكە ئايلاندى. يىگىت مۇسۇلمان بولۇپ، قىزنى ئەمرىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



بىر كۈنى يىگىت قىزغا 1150 دوللار ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن توي قىلىش ئالدىدا قان تەكشۈرۈشتىن باشقا يۈرەك، جىگەر، بۆرەك قاتارلىق ئەزالىرىنىمۇ تەكشۈرتۈپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۆزىگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.



قىز:

- قان تەكشۈرۈش يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ - دېۋىدى، يىگىت:

- خاتىرجەم بولۇشىمىز ئۈچۈن، توي قىلىشتىن بۇرۇن بىر قېتىم چوڭ تەكشۈرۈش قىلىۋېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، - دېدى.

شۇنداق قىلىپ، قىز يىگىتنىڭ تەلىپى بويىچە، پۈتۈن ئەزالىرىنى تەكشۈرتۈپ، نەتىجىسىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەردى.

ئاندىن يىگىت قىزغا 10 مىڭ دوللار ئەۋەتتى. بۇنداق كۆپ پۇلنى كۆرگەن قىز بىلەن ئاتا - ئانىسى يىگىتنىڭ راستىنلا توي قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

بىر كۈنى يىگىت قىزنىڭ شەھىرىگە باردى. يىگىت قىزنى شەھەر سىرتىغا بىرقانچە كۈنلۈك ساياھەتكە ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى دېگەندە، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قىزنىنى قوشۇپ قويدى.




شۇنچە يىراقتىن جاپا تارتىپ كەلگەن ھەم نۇرغۇن پۇل بەرگەن بۇ يىگىتكە قىز بىلەن ئاتا - ئانىسى بەك ئىشىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يولغا چىقتى...

بىراق، قىز بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. تېگى - تەكتىنى بىلمەيدىغان بۇ يىگىت بىلەن بىچارە قىزنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن ئاتا - ئانا دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇلار ساقچىلاردىن بىر خەۋەر تاپشۇرۇپ ئالدى: قىز شەھەر سىرتىدىن تېپىلغان بولۇپ، تولىمۇ ئەپسۇس، قىزنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىۋېلىنغان ئىدى، جەسىتىگە قارىغىلىمۇ بولمايتتى.

ساقچىلار مەزكۇر يىگىتنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ

خەلقئارالىق ئادەم ئورگانلىرىنى سېتىش مەخپىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇلار قىزنىڭ يىگىتكە ئەۋەتىپ بەرگەن تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنىڭ ئەسلىدە ئورگان سودىگەرلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان مۇھىم مەلۇماتلار ئىكەنلىكىنى؛ ئۇلار شۇ نەتىجىلەرگە قاراپ ئىچكى ئەزالارنىڭ ساغلام ياكى ئەمەسلىكى ۋە ئۇيغۇن كېلىش - كەلمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن سودا قىلىدىغانلىقىنى دەلىللەپ چىقتى. ئەسلىدە، قىز ھايات چېغىدىلا ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ سودىسى پۈتۈپ بولغان ئىكەن.






سىز ئىشىنىڭ ياكى ئىشەنمەڭ، بۇ ھەقىقىي بولغان ۋەقە. ۋەقەنىڭ باش پېرسوناژى فېيسبۇك قۇربانى بولغان ئاقكۆڭۈل قىزدۇر. بۈگۈنكى دەۋردە كىشىنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ھەر تۈرلۈك ئىش يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن.

ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانىلار! ئىنتىرنېت دەيدىغان مەخپىي قاراقچى ئوغۇل - قىزلىرىڭلارنىڭ ھۇجرىلىرىغا قەدەر كىرىپ بولدى. بۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىشنى بىلمەسلىك ئۇلارنى كۈتۈلمىگەن خەتەرلەرگە دۇچار قىلىدۇ.

ئەي ئەقىل ئىگىلىرى! ئىبرەت ئېلىڭلار!

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بىر بۆلەك يەھۇدىيلار ئېيتىدۇكى)، پەقەت سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ئەگەشكەنلەرگىلا ئىشىنىڭلار، (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، توغرا يول ئاللاھنىڭ يولىدۇر. (يەھۇدىيلار بىر ـ بىرىگە ئېيتىدۇ:) بىرەرسىگە سىلەرگە بېرىلگەنگە ئوخشاش ۋەھيي بېرىلىشتىن ياكى ئۇلارنىڭ (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ قىيامەت كۈنى) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشتىن (يەنى مۇنازىرىلىشىپ، سىلەرنى يېڭىپ قويۇشىدىن قورقۇپ قالساڭلار، پەقەت دىنىڭلارغا ئەگەشكەن ئادەمگىلا ئىشىنىڭلار، دىنىڭلاردا بولمىغان ھېچكىمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلماڭلار، ئەگەر سىلەر مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىقرار قىلىپ ئۇنىڭ دىنىغا كىرسەڭلار، بۇ قىيامەت كۈنى سىلەرگە قارشى پاكىت بولىدۇ). (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، پەزل ـ كەرەم يەنى پەيغەمبەرلىك ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ پەزلى كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ئاللاھ رەھمىتىنى ئۆزى خالىغان كىشىگە خاس قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر﴾[18].

18) ئال ئىمران سۈرىسى، 73ـ74 ـ ئايەتلەر.

# سىزدە قۇرئان ئەخلاقىنى كۆردۈم

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر مۇسۇلمان ئايال ئاغرىپ يېتىپ قالغان خىرىستىيان ئايال قوشنىسىنى يوقلاپ كىردى. ئۇ ئىلگىرىمۇ ئۇنى پات - پات يوقلاپ، يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. مۇسۇلمان ئايال كىرگەندە خىرىستىيان قوشنىسى ئۇخلاۋاتقان بولۇپ، ئويغانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سالام بېرىپ مۇنداق دېدى:

- سىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرەيمۇ؟ ئادەتتە بىز كېسەللىرىمىزگە قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، ئاللاھتىن شىپالىق تىلەيمىز. قۇرئان



ناھايىتى ئۇلۇغ كىتاب. ئۇ بىز مۇسۇلمانلارنى قوشنىلىرىمىزغا گەرچە باشقا دىندا بولسىمۇ ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. خىرىستىيان ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

- بولىدۇ، قېنى ئوقۇپ بېرىڭ! ئاۋۋال ماڭا بىر ئىستاكان سۇ بەرگەن بولسىڭىز، تولىمۇ ئۇسساپ كېتىۋاتىمەن، - دېدى.

مۇسۇلمان ئايال دەرھال سۇ ئەكېلىپ، ئۆز قولى بىلەن

ئۇنىڭغا ئىچكۈزۈپ قويىدى. خىرىستىيان ئايال مۇسۇلمان ئايال قوشنىسىغا ئۆزىنى يۆلەپ قويۇشنى ئېيتتى. مۇسۇلمان ئايال ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

- قارىغاندا سىز تۈزۈكرەك تاماق يېمىگىلى خېلى كۈنلەر بولغاندەك قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

- ھەئە، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. بىرقانچە كۈندىن بۇيان تۈزۈكرەك بىر نەرسە يەپ باقمىدىم. ماڭا تاماق ئېتىپ، يېگۈزۈپ قويغۇدەك ھېچكىمىم يوق، - دېدى ئايال زەئىپ ئاۋازدا.



مۇسۇلمان ئايال شۇ ھامان سىرتقا چىقىپ، بىردەمدىلا مەززىلىك تاماق ئەكىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن يېگۈزۈپ قويىدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۆيلىرىنى تازىلاپ، رەتلىك يىغىشتۇرۇپ قويىدى، يەنە تېخى ئۇنىڭغا مېۋە سۈيى تەييارلاپ بەردى.

ئاندىن مۇسۇلمان ئايال قوشنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىللىققىنە قاراپ:

- ئەمدى سىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرەيمۇ؟ - دېدى. خىرىستىيان ئايال:

- بولىدۇ، لېكىن سىز قۇرئان ئوقۇمىسىڭىزمۇ مەن سىزدە قۇرئان ئەخلاقىنى كۆردۈم، - دېدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ھەرگىز يوققا چىقىرىۋەتمەيمىز. ئەنە شۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، مەڭگۈلۈك جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ. (ئالتۇن ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن قاپلانغان) تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي!﴾[19].

19) كەھف سۈرىسى، 31 ـ ئايەت.

# تالاشتا قالغان ياخشى ئىش

مۇبارەك رامىزان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر زەردار مۇسۇلمان ئايال گۆش دۇكىنىغا كىردى. قاسساپقا ئالدىن يېزىپ تەييارلاپ قويغان بىر تىزىملىكنى ئۇزىتىپ، شۇ بويىچە گۆش تەييارلاپ بېرىشىنى ئېيتتى. تىزىملىكتە قىيما گۆش، ئۇششاق توغرالغان گۆش، يالپاقلانغان گۆش، پاچاق گۆش، جىگەر قاتارلىقلار بار ئىدى. قاسساپ ئايالنىڭ تەلىپى بويىچە گۆش تەييارلاۋاتقاندا دۇكانغا نامرات بىر ئايال كىرىپ، بالىلىرىغا شورپا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن سۆڭەك سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە تەييارلاپ بولغۇچە سىرتتا چىقىپلا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.



ئۇنىڭ ھالىنى كۆرگەن زەردار ئايالنىڭ ئۇنىڭغا يۈرىكى ئېچىشتى ۋە شۇ ھامان قاسساپقا ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش بىر تىزىملىك بېرىپ:



— بۇ گۆشلەرنىڭ پۇلىنى مەن بېرىمەن. سىز تىزىملىك

بويىچە گۆش تەييارلاپ، ھېلىقى ئايالغا بېرىڭ، لېكىن مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئالماڭ! ــ دەپ جېكىلىدى. شۇ ئەسنادا نامرات ئايال كىرىپ:



ــ سۆڭەكلەرنى تېزراق تەييارلاپ بەرگەن بولسىڭىز. ئادەتتە ئىككى مىنۇتتىلا تەييارلاپ بېرەتتىڭىز. بۈگۈن نېمە بولدى؟ تېخىچە تەييار بولماپتۇغۇ؟ ــ دېدى. قاسساپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

ــ بولدۇ، ھازىرلا تەييارلاپ بېرىمەن. بۇ رامىزان ئەمەسمۇ، ساخاۋەت ئېيى! ــ دېگىنىچە ئالدىراپ گۆش تەييارلاشقا باشلىدى. ئايالمۇ جاۋابەن:

ــ ئاللاھ ئەڭ سېخىيدۇر، ــ دېدى.

ئۇزۇنغا قالماي قاسساپ بىرنەچچە خالتىغا ئۇششاق توغرالغان گۆش، قىيما گۆش، پاچاق گۆش، ياپلاقلانغان گۆش، جىگەر قاتارلىقلارنى قاچىلاپ ئايالغا سۇندى. ئايال ھەيرانلىق بىلەن:

ــ بۇلار مېنىڭ ئەمەس، مەن سۆڭەك بۇيرۇغان ئىدىم، ــ دېدى.

ــ بۇلار سىزنىڭ. باياتىن سىز ئاللاھ ئەڭ سېخىي دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟ بۇ راستتىنلا سىزنىڭ، ــ دېدى قاسساپ گۆشلەرنى ئايالغا سۇنۇۋېتىپ.

ئايال گۆشلەرنى ئالغىلى ئۇنىماي، بۇ گۆشلەرنىڭ بەكلا كۆپ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ بۇ گۆشلەرنىڭ پۇلىنى مەزكۇر باي ئايالنىڭ تۆلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. قاسساپ بىرھازا سۆزلەپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇنى بۇنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى ئىكەنلىكىگە قايىل قىلدى.



ئايال گۆشلەرنى كۆتۈرۈپ، رەھمەت ئېيتقىنىچە چىقىپ كەتتى. بىر چەتتە تۇرۇپ بۇ مەنزىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان زەردار ئايال ئۇنىڭ گۆشلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە قاسساپقا ھېسابات قىلىپ بېرىشنى ئېيتتى.

- ماڭا ئۆزىڭىز ئالغان گۆشنىڭ پۇلىنى بەرسىڭىزلا بولىدۇ. ھېلىقى ئايالغا بەرگەن گۆشنىڭ پۇلى ماڭا ھېساب، مەنمۇ بۇنداق ساۋابتىن مەھرۇم قالسام بولماس، - دېدى قاسساپ ئايالنى ھەيران قالدۇرۇپ.

زەردار ئايال بۇ ساۋابلىق ئىشنى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ دېگەنلىكىنى ئېيتىپ قاسساپ بىلەن تالىشىپ قالدى. ئۇلار ئاخىر گۆشنىڭ پۇلىنى تەڭدىن ئۈستىگە ئالىدىغان بولۇپ كېلىشكەندىن كېيىن ئايال دۇكاندىن چىقىپ، ماشىنىسىغا مىنىپ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى...



HAKSEVER ھەقسۆيەر

كېتىۋېتىپ قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى نامرات ئايال باياتىنقى گۆشلەرنى يوقسۇل كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىۋاتقۇدەك. يول بويىدىكى كۆكتات ساتىدىغان ئايالغا بىر خالتا... بېلى مۈكچىيىپ قالغان تازىلىق ئىشچىسىغا بىر خالتا... ئۇ ئۆزىگە پەقەت بىر كىلو كەلگۈدەك گۆشنىلا ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى يوقسۇللارغا تارقىتىۋەتتى.



ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ بۇ مەنزىرىنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان باي ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلدى. شۇ تاپتا نامرات ئايالنىڭ ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، ئۆزىگە سەدىقە قىلىنغان گۆشلەرنى باشقىلارغا تارقىتىپ بېرىۋاتقانلىقى، قاسساپنىڭ بولسا گۆشنىڭ پۇلىنى مەن بېرىمەن دەپ ساۋاب تالاشقانلىقى قاتارلىق ئالىيجاناب كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. بۇنداق پەزىلەتلەردىن سۆيۈنگەن ئايال كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، ماشىنىسىدىن چۈشۈپ نامرات ئايالنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭغا:

- بۇ گۆشلەرنى نېمىشقا باشقىلارغا تارقىتىپ بېرىسىز؟ ئاللاھ سىزگە ئاتا قىلغان گۆشلەرنى بالىلىرىڭىزغا كەڭ - كەڭرى يېگۈزسىڭىز بولمامدۇ؟ - دېۋىدى، نامرات ئايال ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

ـ مەن باللىرىمغا يەتكۈدەك ئېلىۋالدىم. مانا بىر كىلو گۆش، مۇشۇ باللىرىمغا يېتىدۇ. رامىزان ئېيى بولغاچقا، مەنمۇ يوقسۇللارغا بېرىپ ساۋابقا ئېرىشۋالاي دېدىم.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر، پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان، (خەير ـ ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا قىيامەت كۈنى قورقۇنچ ۋە غەم قايغۇ بولمايدۇ﴾[20].

20) بەقەرە سۈرىسى، 261 ـ ئايەت.

# ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلار!

تولىمۇ ئېپپەتلىك، شەرمى - ھايالىق، گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە دىيانەتلىك بىر قىز بار ئىدى. ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇ قىز مۇسۇلمان بىر يىگىت بىلەن توي قىلدى. توي كۈنى ئاخشىمى قىز يولدىشى ئۈچۈن مول بىر داستىخان تەييارلىدى. ئۇلار شېرىن پاراڭلار بىلەن داستىخاندىكى يېمەكلىكلەرگە ئەمدىلا ئېغىز تېگەي دەپ تۇرۇشى تۇيۇقسىز قېقىلغان ئىشىك ئاۋازى ئۇلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. شېرىن كەيپىياتنى بۇزۇپ بۇ كېچىدە ئىشىك چەككەن ئادەمگە قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن يىگىتنىڭ بىردىنلا قوشۇمىسى تۈرۈلدى. قىز يولدىشىنىڭ جېدەل چىقىرىپ سېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردى ۋە سىلىق تەلەپپۇزدا سورىدى:



- بۇ كېچىدە ئىشىك چەككەن كىم؟

سىرتتىن بىر ئەر كىشىنىڭ ئاجىزانە ئاۋازى ئاڭلاندى:

- بىرئاز يېمەكلىككە موھتاج بىر سائىل بولىمەن.

قىز يىگىتكە ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، يىگىت تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپلا كەتتى.

- بۇ كېچىدە، يەنە كېلىپ تويىمىز بولغان تۈنجى كېچىدە ئارامىمىزنى بۇزغىلى كەلگەن كىمكەن ئۇ؟

يىگىت غەزەپتىن تىترەۋاتاتتى. ئاخىر غەزىپىنى باسالماي، ئىشىكتىن ئىتتىلىپلا چىقىپ، سىرتتا تىترەپ تۇرغان



بىچارە سائىلنى ئۇرۇۋېپلا كەتتى. يىگىتنىڭ غەزىپى ھېچ بېسىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنى بىرھازا ئۇرغاندىن كېيىن، ھالسىزلانغان سائىلنى شەرمەندىلەرچە قوغلىۋەتتى. بىچارە سائىل ئاچلىق ئازابى يەتمىگەندەك، قاتتىق تاياق يەپ يارىلىنىپ، يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان ھالدا ئۆملەپ كېچە قاراڭغۇلۇقىغا غايىپ بولدى.

بىچارە! بۇ كېچىدە نەگىمۇ بارغاندۇ؟ قەيەرگە پاناھلانغاندۇ؟ كىملەر ئۇنىڭ ھالىغا يەتكەندۇ؟

يىگىت ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاچچىقى يەنىلا بېسىقمايۋاتاتتى.

- زادى نېمىشقا؟ نېمىشقا پەيزىمىزنى بۇزىدۇ؟ تامىقىمىزنى بولسىمۇ ئارامخۇدا يېگىلى قويسا بولمامدۇ؟ بۇ دېگەن توي كېچىسى تۇرسا! توي كېچىسىمۇ ئىشىك چېكەمدۇ كىشى؟

يىگىت ئۆي ئىچىدە توختىماي ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتاتتى. چەكتىن ئاشقان غەزەپ ئۇنىڭ نېرۋىسىنى ئۆرلىتىپ، ساراڭدەكلا بولۇپ قالدى، گەپ - سۆزلىرى قالايمىقانلاشتى. قارىغاندا نېرۋىسىدىن چاتاق

چىققاندەك قىلاتتى. بىردىنلا يۈرىكى سىقىلغاندەك بولۇپ، ئىچى تىتىلداپ، ئايالىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي سىرتقا چىقىپ، تۈن قاراڭغۇلۇقىغا شۇڭغۇدى. قىز بىردەمدىلا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارغا قاراپ ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي، ياخشى يىگىت دەپ توي قىلغان بىرىنىڭ قاملاشمىغان قىلىقلىرىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.



توي كېچىسىلا ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ قىز تەقدىرىگە تەن بېرىپ ئولتۇردى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلدى. ئارىدىن 15 يىل ئۆتتى. قىز شۇ چاغقىچە ساداقەتمەنلىك بىلەن يولدىشىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى. يولدىشىدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغان قىز ئاخىر قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە تالاق ئىسپاتىنى ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر مۇسۇلمان كىشى قىزغا ئەلچى ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىككىسىنىڭ تويى بولدى. توي كېچىسى قىز يولدىشى ئۈچۈن ئىسسىل يېمەك - ئىچمەكلەرنى تەييارلاپ، داستىخاننى گۈلدەك قىلىۋەتتى. ئۇلار يەپ - ئىچىشكەچ بەھۇزۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇرۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى.

- بېرىپ قاراپ بېقىڭە، بۇ كېچىدە ئىشىك چەككەن كىمكەن؟ - دېدى ئەر مۇلايىملىق بىلەن. ئايال ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ:

ـ بۇ كېچىدە ئىشىك چەككەن كىم؟ ـ دەپ سورىدى.

سىرتتىن زەئىپ بىر ئاۋاز كېلىۋاتاتتى:

ـ ئازراق يېمەكلىككە موھتاج بىر سائىل بولىمەن.

ئايال يولدىشىغا ئاچلىق تۈپەيلى كېچىدە ئىشىك چېكىشكە مەجبۇر بولغان بىر سائىل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەر شۇ ھامان داستىخاندىكى يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىنى كۆتۈرۈپ ئايالىغا تۇتقۇزدى:



ـ دە:

ـ بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىنى ئاچىقىپ بېرىڭ. خالىغىنىنى ئالسۇن، قورسىقى تويغۇچە يېسۇن. ئۇنىڭدىن ئاشقىنىنى بىز يەيلى، ـ دېدى.

ئايال داستىخاندىكى يېمەكلىكلەرنى داستىخان بىلەن قوشۇپ ئاچىقىپ، سائىلنىڭ ئالدىغا قويۇپ چۆچۈپلا كەتتى:

ـ ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ئىش؟

ئايال ئۆكسۈپ يىغلىغان پېتى يولدىشىنىڭ يېنىغا كىردى.



ـ نېمىگە يىغلايسىز؟

نېمە ئىش بولدى؟ سائىل ئەخلاقسىزلىق قىلمىغاندۇ ـ ھە؟

ئەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، جىددىيلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئايال كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆككەن ھالدا مۇنداق دېدى:

ــ ئىشىك تۈۋىدە سىزنىڭ يېمەكلىكلىرىڭىزنى يەۋاتقان بۇ سائىل مېنىڭ 15 يىل ئىلگىرىكى يولدىشىم ئىكەن. توي كېچىسى دەل مۇشۇنداق داستىخاندا ئولتۇرغىنىمىزدا بىر سائىل ئىشىكنى چەككەن ئىدى. يولدىشىم قاتتىق غەزەپلەنگىنىچە چىقىپ، ئۇنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ قوغلىۋەتتى. كېيىن ئۆيگە كىرىپمۇ غەزىپىنى باسالماي، بىردىنلا نېرۋىسى قوزغىلىپ، ساراڭ بولدىمۇ ياكى جىن ئاپەت سالدىمۇ؟ بىلمىدىم، ئۆيدىن شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەن



ئىدى. مانا ئەمدى ئىشىك تۈۋىدە تەمتىرەپ تۇرۇپتۇ.

ئايال توختىماي يىغلاۋاتاتتى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئەرمۇ ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئايال تېخىمۇ ھەيران قالدى:

ــ ئەمدى سىزگە نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلايسىز؟

ئەر ئاران دېگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مۇنداق دېدى:

ــ ئەينى چاغدا يولدىشىڭىز ئۇرۇپ قوغلىۋەتكەن ئاشۇ سائىلنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ سائىل دەل مەن بولىمەن.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە (يەنى جېنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق مۇسىبەت يەتسە، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ. (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا بالا - مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلالماس ئىدىڭلار)﴾[21].

21) شۇرا سۈرىسى، 30 - ئايەت.

# خاتا چۈشىنىش

ئەھمەد ئىسىملىك ناھايىتى ياخشى، تەقۋادار، مۇسۇلمان بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ تويى قىلىپ ئۈچ يىلغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۆزىمۇ، ئايالىمۇ ناھايىتى ساغلام بولۇپ، ئىككىلىسىدە ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى يوق ئىدى.



بىر كۈنى كۈتۈلمىگەندە بىر قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ھادىسىدە ئەھمەدنىڭ ئاكىسى ئايالى بىلەن تەڭلا قازا قىلدى. ئاكىسىنىڭ ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن سەمەت ئىسىملىك ئوماققىنە بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن يېتىم ئوغۇل ياكى يېتىم قىزنىڭ بېشىنى سىلىغان بولسا، ھەربىر تۈكنىڭ باراۋىرىگە ساۋاب يېزىلىدۇ»[22] دېگەن ھەدىسنى ئويلاپ، ئاكىسىنىڭ ئوغلىنى ئۆز بالىسىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ بېقىۋالدى.

ئەر - ئايال ئىككىيلەننىڭ سەمەتكە تولىمۇ مېھرى چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنى ئۆز بالىسىدەك ئەتىۋارلاپ باقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئايال ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى.

22) مۇسنەد ئەھمەد، 22505.

ئۇلار ئۆز پۇشتىدىن بىر پەرزەنتى بولغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئوسمان قويدى.

يىللار ئۆتۈپ، بالىلار بەس - بەستە چوڭ بولدى... ئۇلار كىچىكىدىن بىرگە ئويناپ، بىرگە كۈلەتتى؛ خۇددى قوشكېزەكلەردەك ئۆزئارا چۈشىنىشىپ، چىقىشىپ ئۆتەتتى؛ بىر - بىرىدىن قەتئىي ئايرىلمايتتى.



كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەر - ئايال ئىككىيلەن مەلۇم بىر دوستىنى يوقلاپ كېتىپ قالدى. قايتىپ كەلگەندە، يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان ھالدا يىغلاپ ياتقان ئوسماننى كۆردى ۋە بۇ ئىشنى سەمەتنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ئەرۋاھى ئۇچتى. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى شۇنچە سۈرۈشتۈرۈپمۇ ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئەر - ئايال سەمەتنى ئۇرۇپ ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى.

سەمەت زار - زار يىغلاپ، كۆڭلى قاتتىق رەنجىگەن ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. قورسىقى ئېچىپ، كوچا - كويلاردا يېگۈدەك بىر نەرسە ئىزدەپ، ئايلىنىپ يۈردى. كەچ كىرگەندە يىللاردىن بېرى ئۆسۈپ يېتىلگەن مېھىرلىك ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى باغچىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ تاغىسىنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ، ئۆيگە ئەكىرىۋېلىشىنى كۈتكەن ئىدى.

شۇ تەرىقىدە بىرقانچە كۈن ئۆتتى...

بىر جۈمە كۈنى ئوسمان جۈمە خۇتبىسىدە ئىمامنىڭ ﴿سىلەر ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ؟ سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى﴾[23] دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدى - دە، شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىنمۇ، ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ توختىماي يىغلىدى.



كەچ كىرگەندە ئەر - ئايال ئوغلىنىڭ يىغلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يېنىغا كىرىپ، باغرىغا باستى. نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ مۇنداق دېدى:

- ئاللاھ گۇۋاھ بولسۇنكى، مەن تاغامنىڭ ئوغلى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «ئۆز قېرىندىشىم» ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن. مەن ھەر كېچىسى ئۇنىڭ ئۆيىمىزنىڭ باغچىسىدا غەمكىن ئولتۇرغان ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، قاتتىق ئازابلىنىپ كېتىمەن.

23) مۇھەممەد سۈرىسى، 22 - ئايەت.

مەن سىلەردىن ئۇنىڭ مېنى ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى يوشۇرۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە سەۋەبچى بوپتىمەن. ئەسلىي ئىش مۇنداق ئىدى:

ھېلىقى كۈنى مەن ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتىم. پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭغا دادامنىڭ يەنى سىزنىڭ بالىدۇرراق ئۆلۈپ كېتىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى؛ شۇنداق بولغاندا، مەن سىزنىڭ مال - مۈلۈكلىرىڭىزگە ئىگە بولۇپ، تېزلا باي بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپلا قاتتىق غەزەپلىنىپ:



- دادامنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگۈچە، مېنى ئۆلتۈرۈۋەت! دادامنى ماڭا بەر! - دەپ مېنى قاتتىق ئۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىمنى شۇنداق قان قىلىۋەتكەن ئىدى. ئىككىمىزنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ.

ئوسمان شۇنداق دېگىنىچە پۇشايمان ھەم خىجىللىقتىن يەرگە قارىۋالدى. ئۇ خاتالىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان ئىدى. ئەر - ئايال ئىككىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يىغلاشقىنىچە دەرھال ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى باغچا تەرەپكە يۈگۈردى.

- ئوغلۇم، سەن نەدە! سەن نەدە، ئوغلۇم! سەن نەدە!

ئۇلار سەمەتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى باغرىغا بېسىپ، ئۆيگە ئېلىپ كىردى. سەمەت ئاچلىق ھەم سوغۇق ئازابىدىن

تولىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

دادا ئۇنى ئازراق ئىسسىتقاندىن كېيىن، ئۆز قولى بىلەن تاماق يېگۈزدى. ئاندىن ئۇنى قايتا باغرىغا بېسىپ:

– مېنى كەچۈر، ئوغلۇم! مېنى كەچۈر! – دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

بۇ چاغدا كارىۋاتتا ياتقان ئوسمانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، سەمەت بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەققەتەن خاتا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ھەممەيلەندىن ئەپۇ سورىدى. ھەممەيلەن بىر - بىرىنى توغرا چۈشىنىپ، بىر - بىرىدىن كەچۈرۈم سوراشقان بۇ مەنزىرە ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇلارغا ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇ بەخش ئەتكەن ئىدى...

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تۇغقانغا، مىسكىنگە، (پۇل - مېلىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان) مۇساپىرغا (خەير - ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، پۇل مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپخورلار ھەققەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇپرانى نېمەت قىلغان ئىدى﴾[24].

24) ئىسرائ سۈرىسى، 26ـ27 - ئايەتلەر.

# قاپقانغا چۈشكەن قىز

ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن بىر قىز بولۇپ، توردا بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈندىن - كۈنگە قويۇقلاشتى. قىز بارا - بارا ئاتا - ئانىسىدىن سورىمايلا، يىگىت بىلەن سىرتلارغا چىقىپ كېتىدىغان بولۇۋالدى.



شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، ئۆزئارا چۈشىنىشكەندىن كېيىن توي قىلىشقا پۈتۈشتى. يىگىت قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەلچى قويدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئەلچىلەرنى يولغا سالدى.

قىزنىڭ ئاكىسى يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىڭلىسىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، بۇ تويغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنى ئاڭلىغان قىزنىڭ ئاچچىقتىن كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ قاتتىق ئەرۋاھى ئۇچتى. قىز ئاكىسىغا:

- سەن بىز ئىككىمىزنىڭ بىر يىلدىن بېرى تونۇشىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيسەن. مەن ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۆيىدىنمۇ چىقىپ كەتكەن ئىدىم. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى

تويىمىزنى تەبرىكلىگىنىڭ تۈزۈك. مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن، - دېدى قەتئىيلىك بىلەن.

سىڭلىسىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئاكىسىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تەمكىن ھالدا مۇنداق دېدى:



- سىڭلىم! بۇ بالا سىزگە ماس كەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقانلىقىڭىز بىر خاتالىق. يەنە خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق سادىر قىلماڭ! ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماڭ!

قىز ئاكىسىنىڭ نەسىھىتىنى قەتئىي رەت قىلىپ:

- تويىمىزغا قوشۇلساڭ قوشۇلدۇڭ، بولمىسا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن، - دەپ تەھدىت سالدى.



شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزنىڭ ئاكىسى زۆرۈر بىر ئىش بىلەن سەپەرگە چىقىپ قالدى. قىزنىڭ جاھىل بىر تاغىسى بولۇپ، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قىزنى ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى. ئۇ بۇ مەسىلىدە قىز تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ تويىنى

قىلىپ بېرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ ئىككى ئايدىن كېيىن توي قىلىدىغانغا كېلىشتى.

ئاخىر تويغا پۈتۈشكەن ۋاقىتمۇ يېتىپ كەلدى. سىڭلىسىنىڭ تويى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئاكا دەرھال سەپەردىن قايتىپ، ئۇدۇللا تاغىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ھەممەيلەن ئۇنى چوقۇم دەرغەزەپ بولۇپ، چاتاق چىقىرىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى



تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارغا چىرايلىق سالام قىلىپ، سىڭلىسى ئۈچۈن ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدى ۋە سىڭلىسىغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ رازىلىق ئېلىشنى ئېيتتى.

قىز ماقۇل بولۇپ، ئاكىسى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا باردى. لېكىن ئاتا قىزىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالمىدى. باشقا قېرىنداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا نەپرەت كۆزلىرى بىلەن قاراشقا باشلىدى. چۈنكى، قىز ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ قوشۇلمىغىنىغا قارىماي توي قىلىۋالغان ئىدى.



توي مۇراسىمىمۇ ئاخىرلىشىپ، يىگىت تەرەپنىڭ كېلىنچەكنى يۆتكەپ كېتىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى...

تۇنجى كۈنىلا قىز يولدىشىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغان بىرى ئىكەنلىكىنى، زەھەرلىك چېكىملىك ئېلىپ - سېتىش جىنايىتى بىلەن تۇتۇلۇپ، تۈرمىگە كىرىپ چىققان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى.



قىز ئەنە شۇ چاغدا ئاكىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئەسلەپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى. بىراق، تولىمۇ كېچىككەن ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىزمۇ بۇ تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالدى. يولدىشىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن قىزمۇ زەھەر چېكىدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالماي، باشقا ئاياللار ئارىسىدا زەھەر تارقىتىشقا باشلىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى. قىز تاغىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش توغرىسىدا يالۋۇردى. تاغىسىمۇ زەھەر چېكىدىغان بىرى بولۇپ، بەخىرامان ھالدا ئۆزىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى.


قىز يەنىلا شۇ دىيانەتلىك، كۆيۈمچان ئاكىسىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزدى. سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىنى

ئۇققان ئاكا دەرھال ساقچىخانىغا بېرىپ، ئۇلارنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرۈشتى. سىڭلىسىنىڭ يولدىشى بىلەن پاراڭلىشىپ، ئەمدى سىڭلىسىغا زىيانكەشلىك قىلىۋەرمەسلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزىنى بېرىپ ئاجرىشىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىپ ئىككىسىنى ئاجراشتۇرۇۋەتتى.



كۆيۈمچان ئاكا بىر ئاماللارنى قىلىپ سىڭلىسىنى ساقچىخانىدىن چىقاردى. ئۇ سىڭلىسىنىڭ داۋالانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتتى. قىز تامامەن ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ، پەقەت يولدىشىدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن باشقا ئىشلارنى ھېچكىمگە دېمەسلىكنى تاپىلىدى.

يىگىت سىڭلىسىغا نەسىھەت قىلىپ ناماز ئوقۇشنى، قۇرئان ئوقۇشنى ۋە ئىلگىرىكى گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشنى ئالاھىدە تاپىلىدى. ئاكىسىنىڭ قىلغانلىرىدىن تەسىرلەنگەن قىز كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ



تۇرۇپ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نەسىھىتىدىن چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كۆنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتى...

قىز بەش ۋاقىت نامازنى تاشلىمايدىغان، دائىم قۇرئان ئوقۇيدىغان، ئەخلاقلىق بىر قىزغا ئايلاندى. ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي ئاكىسىنىڭ ناھايىتى ياخشى، ئەخلاقلىق بىر دوستى بىلەن توي قىلدى. ئۇ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ياخشى بىر ھەمراھ نېسىپ قىلغانلىقىنى بىلدى.

قىز يىگىتنىڭ ئائىلىسىگە ئېلىپ كېتىلىدىغان چاغدا، ئاكىسىغا قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ:

ــ ماڭا دادامنىڭ ئورنىدا ياخشىلىق قىلدىغان، كۆيۈمچان بىر ئاكىنى نېسىپ قىلغان ئاللاھقا چەكسىز شۈكرىلەر بولسۇن، ــ دېدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق قىلىپ ياكى ئۆزىگە زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، ئۇ ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. كىمكى قەستەن بىرەر گۇناھ قىلسا، ئۇنىمۇ ئۆزىگە قىلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ۋابالىنى ئۆزى تارتىدۇ). ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، كىمكى كىچىك ياكى چوڭ بىرەر گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمگە چاپلىسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ﴾[25].

25) نىسائ سۈرىسى، 110ــ112 ــ ئايەتلەر.

# ئەڭ ھەيۋەتلىك مېيىت نامىزى

بىر كېچىسى ئوسمانىيلار خەلىپىسى سۇلتان سۇلايمان قانۇنىي قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. يېقىن قوغدىغۇچىلىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ:

- دەرھال ئاتلارنى تەييارلا! يۇقراچە كىيىنىپ كوچا - كويىلاردا ئايلىنىپ، پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاپ باقايلى، - دەپتۇ.

خەلىپە قوغدىغۇچىسى بىلەن كېتىۋېتىپ كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن بىر جەسەتنى ئۇچرىتىپتۇ. ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن كەلمىگەن ئىكەن.



- بۇ كىمنىڭ جەستى؟

- دەپ سوراپتۇ خەلىپە ئەھۋالدىن ئەجەبلىنىپ.

ئاردىن بىرى چىقىپ:

- بۇ پاھىشىۋاز، ھاراقكەش ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئايالىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. يولدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ يېقىن كەلمەيۋاتىدۇ، - دەپتۇ.

- بۇ كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئەمەسمۇ؟

سۇلتان شۇنداق دېگىنىچە قوغدىغۇچىسى بىلەن جەسەتنى ئۆيىگە ئاپىرىپتۇ. ئېرىنىڭ جەسىتىنى كۆرگەن ئايال ھۆكرەپ يىغلاپ

كېتىپتۇ.

ــ نېمىشقا بۇنچىۋالا يىغلايسىز؟ ئىرىڭىز يولدا يىتىپ قالسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى «پاھىشىۋاز، ھاراقكەش» دەپ يىقىن كەلمەپتۇغۇ؟ ــ دەپتۇ سۇلتان ئايالغا ئىچ ئاغرىتىپ. بۇنى ئاڭلىغان ئايال يىغىسىنى توختىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ ياق، مېنىڭ يولدىشىم كىشىلەر ئويلىغاندەك ھاراقكەش، پاھىشىۋاز ئادەم ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ بىر ئابىد، زاھىد، تەقۋادار كىشى ئىدى. بىرمۇ پەرزەنتى بولمىغاچقا، باللارغا بەكلا ئامراق ئىدى. پات ــ پات ھاراق سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، ھاجەتخانىغا تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن: «ئاللاھقا شۈكرى، ھېچبولمىسا بىرقانچە مۇسۇلمان پەرزەنتىنىڭ ھاراق ئىچىپ گۇناھكار بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالالىدىم» دەيتتى.



ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ــ ئۇ يەنە پاھىشە ئاياللارنى تېپىپ ئەكېلىپ، يامان يولدىن قايتىش شەرتى بىلەن كۈنلۈك تاپاۋىتىنى بېرىپ يولغا سالاتتى. ئاندىن: ئاللاھقا شۈكرىكى، مەن ھېچبولمىسا مۇشۇ ئاياللارنىڭ ۋە ياشلارنىڭ گۇناھكار بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالالىدىم» دەيتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا:

ــ كىشىلەر كۆرگىنىگە قاراپ باھا بېرىدۇ، سىزنىڭ بۇنداق

ياخشى نىيىتىڭىزنى چۈشەنمەيدۇ. سىز ئۆلۈپ كەتكەندە يۈيۈپ - تاراپ دەپنە قىلغۇدەك، نامىزىڭىزنى ئوقۇغۇدەك ئادەم تاپالماي قالارسىزمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، - دېسەم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:



- خاتىرجەم بول! مېنىڭ نامىزىمنى سۇلتان سۇلايمان، ۋەزىر - ۋۇزەرالار، ئۆلىمالار ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئوقۇيدۇ، - دەيتتى.

ئايالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان سۇلتان يىغلاپ كېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

- ئاللاھ شاھىت بولسۇنكى، مەن سۇلتان سۇلايمان بولىمەن، ئۇنى ئۆزۈم يۈيۈپ - تاراپ، دەپنە قىلىمەن، نامىزىغا پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى يىغىمەن. بۇ قېرىندىشىمىزنىڭ نامىزىنى ھەممەيلەن بىرلىكتە ئوقۇيمىز.



شۇنداق قىلىپ، سۇلتان پۈتۈن ئەسكەرلەرنى يىغىپتۇ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مېيىت نامىزىغا قاتنىشىشى ھەققىدە پەرمان چىقىرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوسمانىيە سۇلتانلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىدىن مەخسۇس قەبرە تەييارلىنىپتۇ.

راست دېگەندەك، ئۇ كىشىنىڭ نامىزىغا پۈتۈن كىشىلەر



قاتناشقان بولۇپ، ئۇ تارىختىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك مېيىت نامىزى بولۇپ قاپتۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار. بىز دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار نېمىنى تارتسا، نېمىنى تىلىسەڭلار شۇ باركى، بۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر دەيدۇ﴾[26].

26) فۇسسىلەت سۈرىسى، 30ـــ32 ـ ئايەتلەر.

# چاچ تارىغۇچى ئايال

پىرئەۋن سارىيىدا ئىشلەيدىغان بىر ئايال خىزمەتكار بار بولۇپ، پىرئەۋننىڭ قىزىنىڭ چېچىنى تاراپ قوياتتى. بىر كۈنى ئۇ چاچ تاراۋېتىپ تۇيۇقسىز تارغاق قولىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. تارغاقنى ئالماقچى بولۇپ ئېڭىشكەچ ئىختىيارسىز «بىسمىللاھ» دەپ سالغان ئىكەن، بۇنى پىرئەۋننىڭ قىزى ئاڭلاپ قېلىپ:



— دادامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىدىڭغۇ؟ — دەپتۇ قىز ھەيرانلىق بىلەن.

— ئۇنداق قىلمايمەن. مەن ھەر ئىشنى مېنىڭ، سېنىڭ ۋە داداڭنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، — دەپتۇ ئايال تەمكىنلىك بىلەن.

قىز شۇ ھامان چىقىپ، دادىسىغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. پىرئەۋن قاتتىق دەرغەزەپ بولۇپ خىزمەتكار ئايالنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ:

— سېنىڭ رەببىڭ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال قىلچە تەمتىرىمەي:

— مېنىڭ ھەم سېنىڭ رەببىڭ ئاللاھتۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

خىزمەتكار ئايالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان پىرئەۋن غەزەپتىن

يېرىلىپ كەتكۈدەك بوپتۇ ۋە دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ، ياساۋۇللارنى چوڭ بىر داشقازاندا ياغ قاينىتىشقا بۇيرۇپتۇ.



خىزمەتكار ئايالنىڭ ئۈچ بالىسى بار بولۇپ، ئەڭ كىچىكى تېخى سۈتتىن ئايرىلمىغان بوۋاق ئىكەن. پىرئەۋن ئاۋۋال ئۇنىڭ چوڭ بالىسىنى قايناپ تۇرغان ياغقا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇللار بالىنى كۆتۈرۈپ قازاننىڭ يېنىغا ئەكېلىپتۇ. پىرئەۋن ئايالدىن:

ـ رەببىڭ كىم؟ ـ دەپ سوراپتۇ قايتىلاپ.

ـ مېنىڭ ۋە سېنىڭ رەببىڭ ئاللاھتۇر، ـ دەپتۇ ئايال جاسارەت بىلەن.

ياساۋۇللار ئۇنىڭ بالىسىنى قايناپ تۇرغان ياغقا تاشلىغان ئىكەن، ھەش ـ پەش دېگۈچە بالىنىڭ ئېتى ئۇيان، ئۇستىخانلىرى بۇيان ئاجراپ، قىزىق ياغ ئۈستىدە لەيلەپ قاپتۇ. ياساۋۇللار دەرھال ئۇنىڭ ئوتتۇرانچى بالىسىنىمۇ قازان بېشىغا ئەكېلىپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. پىرئەۋن يەنە سوراپتۇ:



ـ رەببىڭ كىم؟

ئايال بالىسىغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشىپتۇ، كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياشلار تۆكۈلۈپتۇ.

شۇنداقتىمۇ ئاللاھنىڭ سۆيگۈسى غالىپ كېلىپ، ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمەي:



ـ مېنىڭ ۋە سېنىڭ رەببىڭ ئاللاھتۇر! ـ دەپتۇ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ.

ياساۋۇللار ئۇنىڭ ئوتتۇرانچى بالىسىنىمۇ قايناپ تۇرغان ياغقا تاشلاپتۇ...

قىزىق ياغقا تاشلانغان بالا چىدىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئېچىنىشلىق نالە ـ پەرياد قىپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بۇ بالىنىڭمۇ ئەتلىرى ئۇستىخانلىرىدىن ئاجراپ، ماي ئۇستىدە لەيلەپ قاپتۇ.

ياساۋۇللار ئايالنىڭ بوۋىقىنىمۇ قازان بېشىغا ئەكىلىپتۇ. بۇ قېتىم ئايالنىڭ يۈرەكلىرى ئېغىپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇ تېخى سۈتتىن ئايرىلمىغان بوۋىقىغا چىدىماپتۇ. ئايالنىڭ كۆز ياشلىرى بۇلاق سۈيىدەك ئېقىشقا باشلاپتۇ. بىچارە ئانا كىچىككىنە



مەسۇم بوۋاقنىڭ كۆز ئالدىدا قايناپ تۇرغان ياغقا تاشلىنىشىغا قانداقمۇ چىدىسۇن؟

پىرئەۋن يەنە سوراپتۇ:

ــ رەببىڭ كىم؟

ئايال بىردىنلا جىمىپ قاپتۇ. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئىككىلىنىپ قالغان ئىكەن... شۇئان ئىلاھىي بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ...

ئاللاھ تېخى تىلى چىقمىغان بوۋاققا زۇۋان بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى پەقەت ئانىسىلا ئاڭلاپتۇ:



ــ «ئەي ئانا، قورقماڭ! سىزنىڭ ۋە مېنىڭ رەببىم ئاللاھتۇر، سىزنىڭ سۆزىڭىز ھەقتۇر. سىز پىرئەۋنگە: سېنىڭ ۋە مېنىڭ رەببىم ئاللاھتۇر دەۋېرىڭ!» ــ دەپتۇ بوۋاق.

ئايال بوۋىقىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا غەيرەتكە كەپتۇ ـ دە، بارچە ئاۋازى بىلەن:

ــ مېنىڭ ۋە سېنىڭ رەببىڭ ئاللاھتۇر!!! ــ دەپ توۋلاپتۇ.

ئارقىدىنلا ياساۋۇللار بوۋاقنىمۇ شەپقەتسىزلەرچە ياغ قايناپ تۇرغان قازانغا تاشلاپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بوۋاقنىڭ يۇمران ئەتلىرى ئۇستىخانلىرىدىن ئاجراپ، قىزىق ياغ ئۈستىدە خۇددى گۈل يۈزىدىكى ياپراقلاردەك لەيلەپ قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمان ئايال خىزمەتكارنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۈچ بالىسى ئېچىنىشلىق ھالدا قىزىق ياغقا تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

ئەمدى قايناپ تۇرغان ياغقا تاشلىنىش نۆۋىتى ئانىغا كەپتۇ. ئەمما، ئۇ ھەق ئۈستىدە چىڭ تۇرۇپ شېھىت بولىدىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، زالىم پىرئەۋنگە مۇنداق نىدا قىپتۇ:

– سېنىڭ ۋە مېنىڭ رەببىم ئاللاھتۇر!

ئۇمۇ شۇنداق دېگىنىچە قايناپ تۇرغان قازانغا تاشلىنىپتۇ...

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىراج كېچىسى ھەرەم مەسچىتىدىن بەيتۇلمەقدىستىكى ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ مېڭىلغان چاغدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر ۋادىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرنىغا خۇشپۇراق بىر ھىد ئۇرۇلۇپتۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن:

– بۇ نېمە خۇشپۇراق؟ – دەپ سورىغان ئىكەن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

– بۇ پىرئەۋننىڭ قىزىنىڭ چېچىنى تاراپ قويغۇچى ئايال خىزمەتكار بىلەن باللىرىنىڭ ئۇستىخانلىرىدىن كەلگەن خۇشپۇراقتۇر، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى پىرئەۋن ۋە تەرەپدارلىرى) ئەتىگىنى ۋە ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ﴾[27].

27) غافىر سۈرىسى، 46 – ئايەت.

# پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويسۇن!

ئىسلام مەشھۇر ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە سەھمىنى ئەينى چاغدىكى رۇم ئىمپېراتورى قەيسەر ۋە پارس ئىمپېراتورى كىسرادىن ئىبارەت دۇنيانىڭ ئىككى چوڭ غوجىسى بىلەن ئۇچراشتۇرغان ئىدى.

ھىجرەتنىڭ 9- يىلى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇملۇقلارغا قارشى قوشۇن ئەۋەتىدۇ. بۇ مۇبارەك سەپەردە ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافەمۇ بار ئىدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ دىن يولىدىكى جەڭگىۋارلىقلىرى رۇم ئىمپېراتورى قەيسەرنىڭ قۇلىقىغا ئاللىقاچان يېتىپ بولغان ئىدى. قەيسەر مۇسۇلمانلاردىن ئەسىرگە



چۈشكەنلەرنى تىرىك پېتى ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ.

ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە سەھمي رۇم لەشكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. لەشكەرلەر ئۇنى پادىشاھى قەيسەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئاپىرىدۇ. قەيسەر ئابدۇللاھقا ئۇزۇنغىچە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن ئارىسىدا كەسكىن مۇنازىرە باشلىنىپ كېتىدۇ:

ـ ساڭا مۇنداق بىر تەكلىپىم بار: ناسارا بولۇپ، بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرسەڭ، سېنى قويۇۋېتىشكە قاندىن سىرت، كاتتا ئىنئاملار بىلەن تارتۇقلايمەن.



ـ سېنىڭ گېپىڭگە كىرىپ، ناسارا بولغىنىمدىن مىڭ قېتىم ئۆلگىنىم ئەۋزەل!

ـ ئەگەر تەلىپىمگە قوشۇلساڭ، سەلتەنىتىمگە سېنى شېرىك قىلىمەن.

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ماڭا سېنىڭ ۋە پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ سەلتەنىتى بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، دىنىمدىن ھەرگىز يانمايمەن.

ـ ئەمىسە، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

ـ خالىغىنىڭنى قىل!

ئابدۇللاھنىڭ سۆزلىرىدىن دەرغەزەپ بولغان قەيسەر ئۇنى دەرھال دارغا ئېسىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاندىن ئوقياچىغا بۇيرۇق قىلىپ ئابدۇللاھنى قورقۇتۇپ، ئىسلام دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، خىرىستىيان قىلىش ئۈچۈن قول ـ پۇتلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئوق ئېتىشقا بۇيرۇيدۇ. قەيسەر بۇ جەرياندا ئابدۇللاھتىن خىرىستىيان دىنىغا كىرىشىنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىدۇ. ئابدۇللاھ قەيسەرنىڭ تەلىپىنى ئىزچىل رەت قىلىدۇ.

شۇنچىۋالا تەھدىتلەرنىڭمۇ كارغا كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن قەيسەر بىر داشقازان ئېسىپ، ياغ قاينىتىش ھەققىدە پەرمان

چۇشۇرىدۇ؛ ئاندىن ئىككى مۇسۇلمان ئەسىرنى كەلتۈرۈپ، ئابدۇللاھنىڭ كۆز ئالدىدىلا ياغ قايناپ تۇرغان قازانغا تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ.



ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلارنىڭ ئەتلىرى ئۇستىخانلىرىدىن ئاجراپ، ياغ ئۈستىدە خۇددى كۆلدىكى ياپراقتەك لەيلەپ قالىدۇ... قەيسەر ئابدۇللاھنى يەنە خىرىستىيان دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئابدۇللاھ قەيسەرنىڭ تەلىپىنى بۇرۇنقىدىنمۇ كەسكىنرەك پوزىتسىيە بىلەن رەت قىلىدۇ.

ھەرقانچە قىلسىمۇ ئابدۇللاھنىڭ دىنىدىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى پەملىگەن قەيسەر ئۇنىمۇ ياغ قايناپ تۇرغان داشقازانغا تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلار ئابدۇللاھنى قازاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلىدۇ. بۇنى كۆرگەن قەيسەر ئۇنى قورقتى دەپ ئويلاپ:

- ئەمدىغۇ بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرەرسەن؟ - دەيدۇ. ئابدۇللاھ:

- ياق! - دەپ جاۋاب بېرىدۇ قەتئىيلىك بىلەن.

- ئەمىسە، نېمىشقا يىغلايسەن؟

- كاشكى، پۈتۈن بەدىنىمدىكى تۈكلەرنىڭ سانىچە جېنىم بولسا، ھەممىسى مۇشۇنداق ياغ قازىنىغا تاشلىنىپ، ئۆلتۈرۈلۈپ ئاللاھ يولىدا شېھىت بولسام دەپ ئارزۇ قىلىۋاتىمەن. ھالبۇكى، مېنىڭ پەقەت بىرلا جېنىم بار، شۇڭا ئەپسۇسلىنىپ يىغلاۋاتىمەن.

ئابدۇللاھنى ھەرقانچە قىلىپمۇ دىنىدىن ياندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن قەيسەر ئۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ:

- بېشىمغا سۆيۈپ قويساڭ، سېنى ۋە بارلىق مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىمەن، - دەپتۇ.

- ھەممە مۇسۇلمانلارنى قويۇپ بېرەمسەن؟ - دەپ سورايدۇ ئابدۇللاھ ئۈمىد بىلەن.



- ھەئە، - دەيدۇ قەيسەر كەسكىن تەلەپپۇزدا.

ئابدۇللاھ كۆڭلىدە قەيسەرنىڭ بېشىغا بىر قېتىم سۆيۈپ قويغىنىمغا مېنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى قويۇپ بېرىدىغان ئىش بولسا، بوپتۇ، سۆيۈپ قويسام قوياي، دېگەننى ئويلاپ قەيسەرنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويىدۇ.

قەيسەر ۋەدىسى بويىچە، مۇسۇلمان ئەسىرلەرنىڭ ھەممىنى قويۇپ بېرىدۇ. ئۇلار قەيسەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ مەدىنىگە

يېتىپ كەلگەندە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھنىڭ قىلغىنىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ:

ــ پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئابدۇللاھنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويسۇن!



مەن ئاۋۋال باشلاپ بېرەي، ــ دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئابدۇللاھنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويىدۇ.

# ئەسىر مۆجىزىسى يۈسۈپ ئىستىس

يۈسۈپ ئىستىس 1944 ـ يىلى ئامېرىكىلىق بىر خىرىستىيان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى خىرىستىيان دىنىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتىۋەتكەن پىداكارلاردىن ئىدى. يۈسۈپ ئىستىسمۇ ئائىلىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىلاھىيەتشۇناسلىق كەسپىدە دوكتورلۇققا ئېرىشكەن. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىرىستىيان دىنىنى تەتقىق قىلىشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، ھىندى دىنى، بۇددا دىنى، يەھۇدىي دىنى قاتارلىق دىنلارنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلغان.



يۈسۈپ ئىستىس دادىسى بىلەن بىرگە قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى قىلىدىغان بولۇپ، نەچچە ئون مىليون دوللار پۇل تاپقان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپالمىدى. شۇڭا، ئۇ قەلبى ئارام تاپقۇدەك بىرەر چارە ئىزدەيتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادىسى ئۇنىڭغا:

ـ مىسىردىن بىرەيلەن كەلمەكچى. بەلكىم بىز ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ماللار تىجارىتى قىلىشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭدىن كېيىن مىسىر زېمىنىغىچە كېڭەيگەن خەلقئارالىق بىر تىجارەت قىلىپ باقايلى.

لېكىن، ساڭا ئەسكەرتىپ قويمىسام بولمايدىغان بىر ئىش بار. بىز كۆرۈشمەكچى بولغان ئۇ كىشى مۇسۇلمان بىر غوجايىن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەڭ بولمايدۇ، ــ دېدى. ئىستىس تولىمۇ بىئارام بولغان ھالدا:

ــ ياق، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيمەن، ــ دېدى.



بىراق، دادىسىنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولدى. ئاخىر كۆرۈشۈش ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. بېشىغا «پەرۋەردىگارىم ئىيسا» دەپ يېزىلغان شلەپە كىيىۋالغان، بويىنىغا كرېست بەلگىسى ئېسىۋېلىپ، قولىدا ئىنجىل كۆتۈرۈۋالغان ئىستىس سورۇنغا مەغرۇرانە ھالدا كىرىپ كەلدى ۋە كىرىپلا خرىستىيان دىنى ھەققىدە سۆز باشلاپ، ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

مىسىرلىق مۇسۇلمان غوجايىن مۇھەممەد ناھايىتى تەمكىن ئادەم ئىدى. ئىستىس ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئىستىسنىڭ دادىسى، ئايالى، يەنە بىر پوپ ۋە بىر خرىستىيان ئالىمى قاتارلىق جەمئىي بەش كىشى بىر ئۈستەلدە جەم بولدى. ئىستىس بىلەن دادىسى خرىستىيان دىنىنىڭ پروتېستانت مەزھىپىدە، پوپ كاتولىك مەزھىپىدە ئىدى. ئىستىسنىڭ ئايالى خرىستىيان دىنىنىڭ كونسېرۋاتىپ مۇرتلىرىدىن بولۇپ، يەھۇدىي دىنىغا مايىللىقى

بار ئىدى. ئۇلاردىن ھەربىرى ئۆزلىرى مۇقەددەس بىلىدىغان كىتابلىرىنى ئېچىپ، خىرىستىيان دىنى ئەقىدىلىرى ۋە ھەرخىل ئىنجىل نۇسخىلىرى ھەققىدە بەس - مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇلار مىسسىرلىق مۇسۇلمان مۇھەممەدنى خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىش مەقسىتىدە يىغىلغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقماي، ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كىتابىنى ئەيىبلىشەتتى، خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىشەتتى. مۇھەممەد ئۇلارنىڭ زىددىيەت ۋە دەتالاشلىرىنى تاماشا قىلىپ بىر چەتتە ئولتۇراتتى.

ئۇلار بىردىنلا مۇھەممەدكە سوئال تاشلىدى:




- سىلەرنىڭ قۇرئانىڭلار قانچە؟

- بىزنىڭ پەقەت بىرلا قۇرئانىمىز بار. ئۇ 1400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمەي، شۇ پېتى تۇرۇۋاتىدۇ، - دېدى مۇھەممەد جاۋابەن.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئىستىس چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ۋە ئىچىدىكى مەزمۇنلىرىمۇ ئۆزئارا زىتلىققا تولغان بىرقانچە خىل ئىنجىل نۇسخىلىرىغا قاراپ ئۇز - ئۆزىدىن:

- بۇلار قانداقمۇ بىر ئىلاھنىڭ كىتابلىرى بولسۇن؟ بىرلا ۋاقىتتا قانداقمۇ ھەم بىر، ھەم ئۈچ ئىلاھ بولسۇن؟ - دەپ


سورايتتى.

بۇ قېتىملىق ئولتۇرۇشتا ئىستىس ۋە ئۇنىڭ باشقا ھەمراھلىرى مۇھەممەدنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىپ باقتى. لېكىن، مۇھەممەد ئۇلارنى كەسكىن رەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

ــ ئەگەر سىلەر دىنىڭلارنىڭ ئىسلام دىنىدىن ئەۋزەل، ھەق دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىساڭلار، سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا كىرىشكە رازىمەن.

ــ ئۇنداقتا، سىلەرنىڭ ئىسلامدىكى ئېتىقادىڭلار قانداق؟ ــ ئۇلار تېخىمۇ قىزىقىپ سورىدى.

مۇھەممەد ئۇلارغا سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇپ چۈشەندۈرۈپ قويدى: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر، ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر، ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾. ئۇلار بۇ مەسىلىدە پۈتۈنلەي خاتا ئېتىقادتا بولغاچقا، مۇھەممەدنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان بۇ ھەقىقەتلەردىن تولىمۇ ھەيران قالماقتا ئىدى.



ئىستىس شۇنىڭدىن تارتىپ ئىسلام دىنى ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى ئىستىس مۇھەممەدكە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتىنى زىيارەت قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. مۇھەممەد ئۇنى ئامېرىكىدىكى

ئەڭ چوڭ ئىسلام مەركىزى مەسچىتتىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تاھارەت ئېلىش، ناماز ئوقۇش ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىپ، شۇ يەردىلا شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. مۇھەممەد ئۇنىڭدىن:

– سەن راستىنلا مۇسۇلمان بولدۇڭمۇ؟ – دەپ سورىدى ھەيرانلىق بىلەن.



– بۇرۇنراق مۇسۇلمان بولسامچۇ كاشكى، دەپ ئويلاپ قالدىم، – دېدى ئىستىس مۇھەممەدكە جاۋابەن.

ئىستىس مۇنداق دەيدۇ:

ئايالىم بىلەن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىۋاتقاندا ئايالىم ماڭا:

– ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان بولىدىغىنى مەن، بۇندىن كېيىن مەنمۇ مۇسۇلمان بولۇپ ياشىماقچىمەن، – دېدى ئايالىم قەتئىيلىك بىلەن.

مەن شۇ ھامان سەجدىگە باش قويدۇم، مېنى ۋە ئايالىمنى مۇسۇلمان قىلغان ئاللاھقا كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتتىم.

بۇ دەل 1991 – يىلدىكى ئىش ئىدى. كېيىن ئىستىسنىڭ ئايالى، دادىسى ۋە ئانىسىمۇ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىستىس مىسىر، ماراكەش ۋە تۈركىيە قاتارلىق

دۆلەتلەردە ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام بىلىملىرىنى ئۆگەندى.
ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن «يۇسۇف ئىستىس» دېگەن نام بىلەن تونۇلدى.

يۇسۇف ئىستىس مۇنداق دەيدۇ:

بىزنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىمىز بىرىنچىدىن، ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتىدىن بولسا؛ ئىككىنچىدىن، گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئاقىلانە دەۋەت ئۇسۇلى بىلەن بىزگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن مىسىرلىق مۇسۇلمان مۇھەممەدنىڭ ياخشى ئۈلگە بولۇشى بىلەن بولدى.



كۆنلەر ئۆتكەنسېرى يۇسۇف ئىستىس مەشھۇر ئىسلامىي دەۋەتچىگە ئايلاندى. ھەر كۈنى نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسلام سېپىگە قوشۇلۇۋاتاتتى. ئۇ گېرمانىيەدە سۆزلىگەن بىر قېتىملىق لېكسىيەدىلا زالدىكى 1250 كىشىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغانلارغا پەقەت شاھادەت كەلىمىسىنى ئۆگىتىپ قويۇش بىلەنلا قالماي، ئۇلار بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرۇپ، دىنىي ئىبادەتلەرنىمۇ ئۆگىتىپ قوياتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار) يېگانە پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش - ئەقرىبالارغا سىلە

ـ رەھىم قىلىش، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار. ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھ (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىدى). بۇ ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر. ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. ئاللاھ پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا تاللىدى. ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا يېپىشىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر. ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە، نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار!﴾[28].

28) ھەج سۈرىسى، 77 ـ ئايەت.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر